ئومۇمىي 10-سان

2020 ماي -ئىيۇن

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*


ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



قىپقىزىل يالغانچىلىق

1



ئابدۇللا روزباقىيېۋ

55



بىرۇنى

68

ئومۇمىي 10-سان

2020 ماي -ئىيۇن

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش


ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا 50

تۇتامىڭىز نىمىشقا شۇنچە مۇھىم؟ 97

بولۇملۇق تۇتامىنىڭ كۈچى 104

قارار چىقىرىشتا پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش 35

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى 2020 40

بارلىق رەھىمسىزلىكلەرنىڭ يىلتىزى 90


## خىتاي تەتقىقاتى


قىپقىزىل يالغانچىلىق: كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى


## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام


ئەھمەد دىدات 100



## گۈلىستان


ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ











## تارىخ ۋە بىز


بىرۇنى

ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىننىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى رىچارد نىكسونغا ئەۋەتكەن مېمورانىدۇمى 33

كۇچار ئۇيغۇر تارخان بېگىگە ئالاقىدار بىر پارچە ھۆججەت 60


## بۈيۈك سىمالار


ئابدۇللا روزىباقىيېۋ


## كۆپكۆندىكى ئۇيغۇرلار


گوللاندىيە ئۇيغۇرلىرى 109

# قىيقىزىل يالغانچىلىق:

## كوممۇنىست ختاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى

# Deceiving the Sky: Inside Communist China's Drive for Global Supremacy



بىل گېرتس «ۋاشىڭتون ۋاقتى» دۆلەت بىخەتەرلىكى سەھىپىسىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى. ھازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپلىك ختاي ئىشلىرى ئانالىزچىسى. ختاي تەھدىتى ھەققىدە مەخسۇس ئالتە كىتابى بار.

## بىل گېرتس

## Bill Gertz

### ☆ ئالتىنچى باب ☆

# رەقەملىك ئۈستۈنلۈك مۇجادىلىسى

## خىتاينىڭ تور ھۇجۇملىرى

**«غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر دۈشمەننىڭ كۆز – قۇلاقلىرىنى ئېتىپ، ئۇلارنى كور – گاس قىلىپ قويۇشىمىز، ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ، دىققىتىنى چېچىشىمىز لازىم».**
**ـــ ماۋ زېدوڭ، 1940 – يىللار.**

**«ھەي، سىزدە <زەھەرلىك چىڭگىلىك> (Poison ivy) پروگراممىسى بارمۇ؟ باھاسى قانچە؟ ماڭا ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش يۇمشاق دېتالى بايقىيالمايدىغان ۋە يوقىتالمايدىغىنىدىن لازىم ئىدى». بۇ ئېلخەت خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئىستىخبارات قىسمىنىڭ ئالاھىدە بىر بۆلۈكى بولغان، «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى باش شتابىنىڭ ئۈچىنچى باشقارمىسى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان قىسمىنىڭ ھەربىي ئوفىتسېرىدىن كەلگەنىدى. ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى مەزكۇر جاسۇسلۇق ئاپپاراتىنى «PLA3» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كوممۇنىستىك خىتاينىڭ خاككېرلىق ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ھەربىي تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلىرىدىن بىرىدۇر. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئىستىخبارات توپلاش قىسمى بولغان يەنە بىر تارمىقى «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى باش شتابىنىڭ ئىككىنچى باشقارمىسى» ياكى «PLA2» دەپ ئاتىلىدۇ. (بۇنىڭدىن سىرت) «تۆتىنچى باشقارما» ياكى «PLA4» ھەم ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇققا، ھەم ئېلېكترونلۇق ئۇرۇشقا مەسئۇل. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستىخبارات قىسملىرى خىتاينى ئامېرىكا بىخەتەرلىكىگە ئەڭ زور ئىستىخبارات تەھدىتى شەكىللەندۈرىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇردى. يۇقىرىقى ئۈچ قىسىم يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكادىن زور مىقداردا مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلىماقتا. ئۇچۇرلار رەقەملىك شەكىلدىلا بولسا، خىتايلار ئۇنى ئوغرىلىماي قويمايدۇ.**

**خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تور ئۇرۇشى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقى مەخپىيەتلىك ئەمەس. گۇاڭجوۇ ھەربىي رايونىنىڭ 2014 – يىلى ئۈچىنچى ئايدىكى گېزىتىنى ئوقۇغان ھەركىم بۇ ئىستراتېگىيەنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايدۇ. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۈەن يى، ليۇ روڭباۋ ۋە شۇ ۋېنخۇادىن ئىبارەت ئۈچ ئوفىتسېرى «خەلق ئۇرۇشى ئىدىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى تور ئۇرۇشىدا يېڭىپ چىقايلى!» دېگەن شوئارسىمان ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە، تور بوشلۇقىدا «خەلق ئۇرۇشى» قىلىش نىسبەتەن ئاجىز خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك ئامېرىكا ئارمىيەسىنى يېڭىشىنىڭ ئاچقۇچى، دەپ كۆرسىتىلگەن. «تور بوشلۇقى ساھەسىدە خەلق ئۇرۇشى قوزغاشتا، بىز ئالدىكىلەردىن بېشارەتسىمان تەييار جاۋابقا ئېرىشەلمەيمىز، شۇنداقلا قولىمىزدا ئۇدۇللا پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەجرىبە ھەم يوق» دەيدۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش نەزەرىيەسى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزىدىكى بۇ ئاپتورلار.**

**«(ماۋ زېدوڭنىڭ) خەلق ئۇرۇشى ئىدىيەسىگە قانداق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قانداق قانات يايدۇرۇش، شۇنداقلا قانداق قىلىپ دۈشمىنىمىزنى <خەلق ئۇرۇشىنىڭ بىپايان دېڭىزى>غا غەرق قىلىۋېتىش بىزنىڭ ئاساسىي بۇرچىمىزغا ئالاقىدار، ئەڭ كۆپ زېھنىمىزنى سەرپ قىلىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك بولغان تېمىدۇر».**

**«زەھەرلىك چىڭگىلىك» خەلقئارادىكى خاككېرلار ئارىسىدا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئەڭ ياقتۇرىدىغان يۇمشاق دېتال ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر يىراقتىن ئېرىشىش (زىيارەت قىلىش) قورالى (RAT)دۇر. ئۇ خەلقئارالىق خاككېرلىق قارا بازىرىدىكى ئەڭ ئىلغار يۇمشاق دېتال بولماسلىقىغا قارىماستىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۈچىنچى باشقارمىسىنىڭ ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرى توپلاشتىكى پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك**

قورالغا ئايلانغان. «زەھەرلىك چېكەتكىلىك»نىڭ بۇ قەدەر كەڭ قوللىنىلىشىدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي. مىكروسوفت كۆزنەك (Microsoft Windows) سىستېمىسىنى ئىشلىتىدىغان ھەرقانداق كومپيۇتېر ۋە تور (مەزكۇر «زەھەرلىك چېكەتكىلىك» خاككېرلىق دېتالى ئۈچۈن) ئاسانلا قولغا چۈشۈرگىلى بولىدىغان ئولجىدۇر. «زەھەرلىك چېكەتكىلىك» كومپيۇتېر سىستېمىسىغا كىرىپلىۋالسا، كونۇپكا تاختىسى مەشغۇلاتىنى يىراقتىن نازارەت قىلالايدۇ، ئېكران مەشغۇلاتىنىڭ رەسىملىك كەسمىسى ھەم ۋىدىيوسىغا ئېرىشەلەيدۇ، زور مىقداردا ھۆججەتلەرنى يۆتكىيەلەيدۇ، مەخپىي نومۇرلارنى ئوغرىلىيالايدۇ، سىستېمىنى باشقۇرۇش ئىجازىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئىنتېرنېت ۋە سان – سىفىر ئېقىمىنى يۆتكەپ تارقىتالايدۇ ۋەھاكازالار.

(يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) ئۈچىنچى باشقارمى-نىڭ ئوفىتسېرىدىن كەلگەن، «زەھەرلىك چېكەتكىلىك» جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالىنى ئىزدەش ھەققىدىكى ئېلخەت ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ۋە نەتىجىدە (شۇ ئېلخەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى) سۇ بىن (ستىفېن سۇ) ئىسىملىك غوللۇق خىتاي جاسۇسى قولغا ئېلىنغان ۋە جىنايىتى بېكىتىلگەن. سۇ بىن ۋەقەسى تۇنجى قېتىم خىتاي ئارمىيەسىنىڭ بوئىڭ (Boeing) شىركىتىگە ئوخشاش دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەرلىك شىركەتلىرىدىن ئامېرىكانىڭ قورال تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلاش جەھەتتىكى توختاۋسىز پىلانلىرىنى ئاشكارىلىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ پىلانلارنىڭ ئاداققى مەقسىتى، (ئوغرىلانغان تېخنىكىلار ئارقىلىق) خىتاي ئارمىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى»نى مەغلۇپ قىلىش ئىدى. خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىچكى ماتېرىياللىرىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى بولمىش ئامېرىكانى سۈپەتلەشتە «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىدۇ.

ھەربىي ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ ئاشۇرۇش غايىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئىشتىراكچىلاردۇر. ھالبۇكى ئۈچۈر ھۆكۈمرانلىقى ھەم تىنچلىق مەزگىلىدە، ھەم ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاساسلىق دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، خەلقئارالىق ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول ئېچىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر.

2016 – يىلىغىچە ۋە دونالد ترامپ پرېزدېنتلىققا سايلانغانغا قەدەر، خىتاينىڭ تور ھۇجۇملىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى تەشكىلاتلارغا ئالاقىدار تەپسىلاتلار قاتتىق مەخپىي تۇتۇلغانىدى. 1990 – يىللاردىن بۇيانقى ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى بېيجىڭنى تىنچلاندۇرىدىغان قاتمال سىياسەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خىتاينىڭ بۇ خىل ئەخلاقسىز ئىستىخبارات قىلمىشلىرىنى يېپىشقا ۋە يوشۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى. مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدىمۇ تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئامېرىكا ئەنە ئاشۇنداق زەئىپ، مەغلۇبىيەتچى سىياسەتلەر ئارقىلىق «مۇرەسسەچىلىك ۋە كېلىشىپ ئۆتۈش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارمىيەسىنى كوممۇنىزمدىن يىراقلاشتۇرۇپ، دېموكراتىيەگە ۋە ئەركىن بازارغا يۈزلەندۈرەلەيدۇ» دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ئامېرىكانىڭ (خىتايغا بەرگەن) ئەڭ قىممەتلىك ئەقلىي بايلىقلىرى يىرگىنىشلىك كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ داۋاملىشىشىغا تۆرتكە بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى.

2018 – يىلى باھاردا، ترامپ ھۆكۈمىتى مىسلىسىز ۋە شۇنداقلا بۇ جەھەتتىكى تۇنجى قەدەمنى بېسىپ، خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ساھەسىدىكى ئەڭ غوللۇق كاتتىباشلاردىن بىرى بولغان، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مايور گېنېرالى ليۇ شياۋبېينىڭ (جاسۇسلۇق) ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارىلىدى. ليۇ شياۋبېي نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئۈچىنچى باشقارمىغا رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ تور ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتلەردىكى ئەڭ قىممەتلىك مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلايدىغان تىنىمسىز جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئادەم ئىدى. نۇرغۇن خىتاي رەھبەر-

لىرىگە ئوخشاش، ليۇ شياۋبېيمۇ «بەگزادە» بولۇپ، ئۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ لېيتېنانت گېنېرالى، گۇاڭجوۋ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش قوماندانى ليۇ چاڭيىنىڭ ئوغلى ئىدى. سۇ بىن بوئىڭ شىركىتىگە قارشى جاسۇسلۇق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، ليۇ شياۋبېي ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى ۋە 2011 – يىلى مەزكۇر باشقارمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، تور ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىرىنى ئوغۇرلاش ئوغرىلىيالىغانلىقى بولۇشى مۇمكىن.

2015 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۈچىنچى باشقارما «ئىستراتېگىيەلىك ياردەم قىسمى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئارمىيە دەرىجىلىك ھەربىي تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي بىرلىكىگە قوشۇۋېتىلدى ۋە «تور كورپۇسى» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى قىسمىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. مەزكۇر يېڭى كورپۇس «311 – بازا» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇچۇر ئۇرۇشى قىلىشقا مەسئۇل، پىسخىكىلىق ئۇرۇش ئالاھىدە قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچۇر ئۇرۇشى خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇشىغا پايدىلىق خاتا ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ «تور كورپۇسى» خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ مەخپىي تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بېيجىڭنىڭ خەيدىيەن رايونىغا جايلاشقان باش شتابىدا خاككېرلار، تىل مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تەھلىلچىلەردىن بولۇپ، جەمئىي 100 مىڭدەك ئادەم بار. ئۇنىڭ شاڭخەي، چىڭداۋ، سەنيا، چېڭدۇ ۋە گۇاڭجوۋدا تارماقلىرى بار.

مەزكۇر تور كورپۇسىغا ئالاقىدار تەپسىلاتلار تۇنجى قېتىم ئامېرىكا سودا ۋەكىللىرى (USTR) ئىشخانىسىنىڭ دوكلاتى ئارقىلىق جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاندى. مەزكۇر دوكلاتتا، ئامېرىكانىڭ نېفت ۋە گاز شىركەتلىرى خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى «خىتاي دېڭىز – ئوكيان نېفت باش شىركىتى» (中国海洋石油总公司)نىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، ليۇ شياۋبېينىڭ مەزكۇر ئامېرىكا شىركەتلىرىگە قارشى تور جاسۇسلۇقىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ئاشكارىلانغان. «ئالاھىدە 301 دوكلاتى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرىغا نەچچە مىليارد دوللار تاموژنا بېجى قويالىشىنىڭ قانۇنىي ئاساسى ئىدى. مەخپىي ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلغان بۇ تەپسىلىي دوكلاتتا «خىتاي دېڭىز – ئوكيان نېفت باش شىركىتى»نىڭ ئامېرىكانىڭ بىرقانچە نېفت – گاز شىركىتىدىكى ئەڭ ئىلغار سلانېتس گازى تېخنىكىسى بىلەن ئالاقىدار ئۈچىنچى باشقارما جاسۇسلىرىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى ئاشكارىلانغان. ئاندىن «خىتاي دېڭىز – ئوكيان نېفت باش شىركىتى» (شۇلار تەمىنلىگەن) بۇ ئىستىخباراتتىن پايدىلىنىپ، بىر سودىدا سالاھىيىتى ئاشكارىلانمىغان مەلۇم بىر ئامېرىكا شىركىتىنى مەغلۇب قىلغان. مەزكۇر دوكلاتقا كۆرە، «خىتاي دېڭىز – ئوكيان نېفت باش شىركىتى» بىلەن (سالاھىيىتى ئاشكارىلانمىغان) ئامېرىكا شىركىتى ئارىسىدىكى سودا سۆھبىتىدە «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باشقارما باشلىقى ليۇ شياۋبېي قاتارلىق خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىنى ئىشلىتىشكە ياردەم قىلغان».

خىتايلار 1990 – يىللاردىن باشلاپ، خىتاينىڭ پەن – تېخنىكا ۋە ھەربىي ساھەلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان تېخىمۇ كەڭ سانائەت سىياسىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك تور ھۇجۇمىنى قوللىنىپ كەلدى. ئۈچىنچى باشقارما خىتاينىڭ ھازىرغىچە بىلىنگەن ئەڭ «شەمەر» تېخنىكا ئوغرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا جەزم قىلىنغان تور قىسىملىرىدىن ئون توققۇزى، مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىۋاتقان تور قىسىملىرىدىن توققۇزى بار. CIA ئۆزىنىڭ 2014 – يىلىدىكى دوكلاتىدا، گېنېرال ليۇ شياۋبېينىڭ شىفىرلاش مۇتەخەسسىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان «تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئىدارىسى»نىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. گېنېرال ليۇ شياۋبېي خىتاي ئازادلىق

ئارمىيەسىنىڭ 2013 – يىلىدىكى «تىۋىشسىز رىقابەت» ناملىق تەشۋىقات فىلىمىدە كۆرۈلگەن. مەزكۇر فىلىمدە ئىنتېرنېتنىڭ پەيدا بولغان جايى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يادرولۇق مەنبەلىرىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئامېرىكا خىتاينىڭ تور ھۇجۇملىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. گېنېرال لىيۇ شياۋبېي شۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىنتېرنېت ساھەسىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئىدىئولوگىيەلىك سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تور مۇداخىلىچىلىكىنى ھەدەپ ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ (خىتايغا) كاشىلا تۇغدۇرۇشىغا ياردەم قىلىپ، ئاسترتتىن بۇزغۇنچىلىق قىلدى». بۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، ئامېرىكانىڭ خىتاينى ئاغدۇرماقچى ۋە چەكلىمەكچى ئىكەنلىكىگە دائىر، روھىي كېسەللەرنىڭ قالايمىقان خىياللىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چۈشەنچىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. لىيۇ شياۋبېي «ئامېرىكا ئىنتېرنېت ئارقىلىق خەلققە تەسىر كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى» دەپ ئەيىبلىدى.

گېنېرال لىيۇ شياۋبېيغا كۆرە، خىتاي ئامېرىكاغا قارشى ئىدىئولوگىيە ئۇرۇشى قىلىۋاتاتتى، شۇنداقلا تور ھۇجۇمى بۇ ئۇرۇشتا ھەممىدىن ئاۋۋال ئويلىشىلىدىغان قورال ئىدى. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئىنتېرنېت ئىدىئولوگىيەلىك تىركىشىشنىڭ يېڭى ساھەسى ۋە سەھنىسىگە ئايلاندى. شۇ ۋەجىدىن، بىز ھەرگىز بىخەستىلىك قىلماسلىقىمىز، ئىنتېرنېتنىڭ تىزگىنىنى قولغا كىرگۈزۈشىمىز، شۇنداقلا ھەم تەشەببۇسكارلىقنى، ھەم سۆز ھوقۇقىنى ساقلىشىمىز لازىم». ئۇ ئامېرىكانىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنى نىشانغا ئالغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. «(ئامېرىكانىڭ ئالدىدىكى) ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇ خىتاي ئارمىيەسىدۇر. ئامېرىكا خىتاي ئارمىيەسىنى پارچىلىۋېتەلمىگەن ياكى ئۇنى ئىچكى ئۇرۇشقا سالالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش پاراستىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ» دېگەنىدى ئۇ.

لىيۇ شياۋبېي يەنە خىتاي ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، چەتئەلگە زور سوممىدا پۇل يۆتكەش قىلمىشى ھەققىدىمۇ توختالغان ۋە قول ئاستىدىكى جاسۇسلارنىڭ بۇ چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلايدىغانلىقىنى پۇراتقان. ئۇ 2013 – يىلى شۇنداق دېگەن: «بەزى چىرىك ئەمەلدارلار پۇللىرىنى چەتئەلگە يۆتكەپ، بۇ ئىشلىرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ ئويلاۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قىلمىشلار (خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قارىمىقىدىكى) چەتئەل ئىستىخباراتى تارماقلىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىدا خاتىرىلەنگەن... بىز چوقۇم ئىقتىسادىي چىرىكلىكنىڭ سىياسىي چىرىكلىككە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز؛ شۇنداقلا يەنە ئىدىيەدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولۇشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك».

ئامېرىكا سودا ۋەكىللىرى ئىشخانىسىنىڭ خىتاينىڭ تېخنىكا ئوغرىلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتى تۇنجى قېتىم (خىتاينىڭ) تور – ئىقتىساد جاسۇسلۇق ھۇجۇملىرى (ئامېرىكاغا) كەلتۈرگەن ئېغىر زىيانلار ھەققىدىكى بەزى ئوچۇق ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى. مەزكۇر دوكلاتقا كۆرە، خىتاينىڭ تەڭسىز سودا قىلمىشلىرى ۋە بېيجىڭنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى ئامېرىكانى ھەر يىلى 225 مىليارد دوللاردىن 600 مىليارد دوللارغىچە زىيانغا ئۇچرىتىپ كېلىۋېتىپتۇ.

سۇ بىن ۋەقەسى بۇ خىل ئوغرىلىقنىڭ قانداق رويابقا چىقىرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەمەلىي مىساللاردىن بىرىدۇر. سۇ بىن خىتايدا ۋە كانادادا تىجارەت قىلىدىغان، خىتاينى ۋە ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا مىقياسىدىكى خېرىدارلىرىنى ئاۋىياتسىيە ۋە ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان «بېيجىڭ نودىيەن پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى» (北京诺典科技有限公司) دېگەن بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى ئىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالىنىڭ ئوغلى بولغان سۇ بىن 2003 – يىلى ئىش باشلاپ، ئۆزىنىڭ

هۆكۈمەت ۋە ھەربىي ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىكە تايىنىپ، «بېيجىڭ نودىيەن پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى»نى ئوڭۇشلۇق ھالدا زورايتقان. مەزكۇر شىركەت قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە، شاڭخەي، گۇاڭجوۋ، شېنجېن، چېڭدۇ، شىئەن، شېنياڭ ۋە چاڭچۇن قاتارلىق جايلاردا شۆبە شىركەتلەرنى ئاچقان. سۇ بىنمۇ نۇرغۇن خىتاي «بەگزادە»لىرىگە ئوخشاش، ئايالى ۋە ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە چەتئەلدە ياشىغان. ئۇنىڭ كانادانىڭ بىرىتانىيە كولۇمبىيەسى (British Columbia) ئۆلكىسىدىكى، ۋانكوۋېر (Vancouver) نىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان رىچموند (Richmond) شەھىرىدە ئىككى مىليون دوللار قىممىتىدىكى بىر ئۆيى بار ئىدى. ئۇ كانادادا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان (رىچموندتىكى) ئۆيدىن سىرت، بېيجىڭدا ئىككى يۈرۈش، شاڭخەي ۋە گۇاڭجوۋدا بىر يۈرۈشتىن ئۆيى بار ئىدى.

سۇ بىن ئامېرىكادىكى نۇرغۇن ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى بىلەن سودا قىلغان، شۇنداقلا بىر قېتىملىق سودا يەرمەنكىسىدە بوئىڭ شىركىتىنىڭ كۆرگەزمىسىنىڭ بېقىنىدىلا «نودىيەن پەن – تېخنىكىسى»نىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلغانىدى. ئۇ ئامېرىكا ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىنى، يەنى بوئىڭ شىركىتىنىلا ئەمەس، لوكخىد مارتىن (Lockheed Martin) شىركىتىنىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى 2008 – يىلى 7 – ئاينىڭ 23 – كۈنى (سۇ بىنغا) يوللىغان ئېلخەت ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ پەۋقۇلئاددە ئۇتۇقلۇق تور ئوغرىلىقى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاشكارىلىشىغا سەۋەب بولغان بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشى ئىدى. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى تارىختىن بۇيان ئامېرىكا بايلىقلىرىنىڭ تور ھۇجۇمى ئارقىلىق ئەڭ زور مىقداردا ئوغرىلىنىشى ئىدى. بۇ تېخنىكا ئوغرىلىقىنىڭ دائىرىسى پەۋقۇلئاددە قىممەتلىك ھۆكۈمەت ئۇچۇرلىرىدىن تارتىپ، ئىنتايىن زور ئىستراتېگىيەلىك قىممەتكە ئىگە قورال سىستېمىلىرىدىكى مەخسۇس ئېلېكترونلۇق ئۇچۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئۇچۇر ۋە تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسى بوئىڭ ۋە لوكخىد مارتىن شىركەتلىرىگە ئوخشاش ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ھۆددىگەر شىركەتلىرىدىن يوشۇرۇن ھالدا قولغا چۈشۈرۈلگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ شىركەتلەر ياسىغان ئەڭ ئىلغار ئايروپىلان، پاراخوت ۋە باشقا ھەربىي قوراللار ئامېرىكانى يەر يۈزىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرغانىدى. خىتاي ئۆزىنىڭ ئارمىيەنى كەڭ كۆلەمدە زامانىۋىلاشتۇرۇش پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئوغرىلانغان بۇ ھەربىي تېخنىكىلارنى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە ئىشلىتىپ، ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچلۈك ئورنىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەۋرىتىپ قويدى.

شۇنىڭدىن ئايلار ئۆتۈپ، 2009 – يىلى 10 – ئاينىڭ 23 – كۈنى، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى سۇ بىنغا يوللىغان ئېلخەتتە، تونۇلغان بىر خىتاي شىركىتىنىڭ «ئىنتېرنېت ئارقىلىق تاق يۆنىلىشلىك بىخەتەر ھۆججەت يوللاش سىستېمىسى»نىڭ توختام لايىھەسى بار ئىدى. مەزكۇر شىركەت ئۆزىنىڭ كومپيۇتېر تورىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش، شۇنداقلا ئالاقە بىخەتەرلىكى ئىقتىدارى ھەققىدە داۋراڭ سالغانىدى.

ئېلخەتتە مەزكۇر شىركەتنىڭ ئىسمى ئېنىق دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى گۇاڭجوۋ شەھىرىدىكى «بويۇ ئۇچۇر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى» («بويۇ بىخەتەرلىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. مەزكۇر شىركەت ھەم خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات ئىدارىسى بىلەن، ھەم خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن قويۇق ئالاقىگە ئىگە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىگە ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. كېيىنچە «بويۇ ئۇچۇر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى»نىڭ خىتاينىڭ تور ھۇجۇملىرىنىڭ زەربىدارى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى: 2017 – يىلى توققۇزىنچى ئايدا، مەزكۇر شىركەتنىڭ ئۈچ ئەمەلدارى ئامېرىكا ئۇچۇر شىركەتلىرىگە خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى. بۇ شىركەتنىڭ ئۈچ خىزمەتچىسى يەنە شاڭخەيدىكى «61398 – قىسىم» دەپ ئاتىلىدىغان، سىبىق نامى پۈر كەتكەن تور جاسۇسلۇقى گۇرۇپپىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ بەش نەپەر ئوفىتسېرىنىڭ

2014 – يىلى جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىشكە سەۋەب بولغان خاككېرلىق ھەرىكىتىگىمۇ چېتىشلىق چىقتى. خىتاينىڭ ئېنگلىز تىللىق نىشانلارغا قارىتىلغان ھەربىر چوڭ تور ھۇجۇمى مۇشۇ گۇرۇپپىغا چېتىلاتتى.

2009 – يىلى 10 – ئاينىڭ 24 – كۈنى، توختامنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر كۈندىن كېيىن، سۇ بىن ئىمزالانغان توختامنى ئېلخەت ئارقىلىق ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ ئوفىتسېرىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش ئايدا، سۇ بىن ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككى خادىمى خىتايدىكى بىر خاككېرلىق ئەترىتىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان. مەزكۇر ھەرىكەت بوئىڭ شىركىتىنىڭ كالىفورنىيەنىڭ لاڭبىچ (Long Beach) شەھىرىگە جايلاشقان C-17 تىپلىق ئايروپىلانىنى قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىنىڭ تورىغا كىرەلەيدىغان مۇئەييەن خىزمەتچىلەرنى نىشانلىغان. خىتايلار (بوئىڭ شىركىتىگە يوللىغان) ئېلخەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئەسلىدىنلا تونۇيدىغان بىرىنىڭ قىياپىتىدىكى يالغان ئېلخەت ئادرېسى ئارقىلىق يوللىغان. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى، ئېلخەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئېلخەتتىكى «نورمال» تور ئۇلانمىسىنى چەككەن ھامان، خىتايلارنىڭ يامان غەرەزلىك خاككېرلىق يۇمشاق دېتالى ئۆزلۈكىدىن كومپيۇتېرغا چۈشىدۇ. بۇ خىل خاككېرلىق ئۇسۇلى «يەمچۈك تاشلاش» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، خىتايلار بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتا ۋايىغا يەتكەن.

2009 – يىلى 12 – ئايدىن 2010 – يىلى 1 – ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم ۋاقىتتا، خىتاينىڭ خاككېرلىق ھەرىكىتى تۇيۇقسىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، سۇ بىن بوئىڭ شىركىتىنىڭ بىر قانچە دىرېكتورىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى توپلاشقا مۇۋەپپەق بولغان. خىتاي خاككېرلىرى قىسقىغىنە بىر قانچە ئاي ئىچىدە، بوئىڭ شىركىتىنىڭ كومپيۇتېرلىرىدىن C-17 تىپلىق ئايروپىلانغا ئالاقىدار 85 مىڭ پارچە ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرگەن.

(خاككېرلار تەرىپىدىن) خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىدىكى ئەمەلدارلارغا يوللانغان ۋە (ئامې-كا ئىستىخبارات دائىرىلىرى تەرىپىدىن) قولغا چۈشۈرۈلگەن ئېلخەتتە، خىتاي خاككېرلىرىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرىكەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. 2013 – يىلى 8 – ئاينىڭ 12 – كۈنى ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ خاككېرى ئۆز خوجايىنىغا يوللىغان «C-17» ماۋزۇلۇق ئېلخەتتە مۇشۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار بار ئىدى. بۇ ئېلخەتتە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككى ئوفىتسېرى بىلەن خاككېرلىق ئەترىتىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى ــــ ئۇ ھۆددىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان پۇقرا خاككېر بولۇشى مۇمكىن ــــ نىڭ C-17 گە ئالاقىدار مەخپىيەتلىكلەرنى قانداق ئوڭۇشلۇق قولغا چۈشۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان. مەزكۇر ئېلخەتتە خاككېرلارنىڭ 1980 – يىللاردىن 1990 - يىللارغىچە ئامېرىكالىق باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ تەخمىنەن 40 مىليارد دوللار پۇلى بەدىلىگە پۈتۈپ چىققان تەرەققىيات تۈرىنىڭ جەۋھىرىنى ئوغرىلىۋالغان چاغدىكى خۇشاللىقى بايان قىلىنغان. ئەڭ ئاخىرىدا (مەزكۇر تەرەققىيات تۈرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە)، 280 دانە C-17 تىپلىق ئايروپىلان ياساپ چىقىلغان ۋە ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تەننەرخى 202 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان. خىتايلار ئۈچۈن بولسا، ھالقىلىق مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلىغان مەزكۇر خاككېرلىق ھەرىكىتى پەۋقۇلئاددە زور ئىستىخبارات مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى. (مەزكۇر ئوغرىلانغان تېخنىكىلارنىڭ شاراپىتىدە) خىتايدىكى ئايروپىلان ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەرنىڭ تەرەققىيات تەننەرخى نەچچە مىليارد دوللار تۆۋەنلەپلا قالماي، مەزكۇر شىركەتلەر يەنە بۇ تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۈچۈن Y – 20 تىپلىق ترانسپورت ئايروپىلانىنى ياساپ چىقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان) تور جاسۇسلۇقى ھەرىكىتىگە ئارانلا 2.7 مىليون خىتاي پۇلى ياكى 393 مىڭ 201 دوللار چىقىم كەتكەنىدى.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شۇ قېتىملىق ھەرىكەت ھەققىدىكى خۇلاسىسىگە كۆرە:

2009 – يىلى... بىز ئامېرىكا بوئىڭ شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ۋە مەخپىي نامى «يەرشارى خوجىسى» بولغان، C-17 تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايروپىلانىنى رازۋېتكا قىلىشنى باشلى-

دۇق... بىز ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بىر يىل ئىچىدە بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ھالدا تاماملاپ، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىكى پەن – تېخنىكا تەتقىقاتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتۇق ۋە بىردەك ياخشى باھاغا ئېرىشتۇق...

**C-17** تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايروپىلانىنى ياساپ چىقىش ئامېرىكانىڭ ئاۋىياتسىيە تەتقىقاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تارىخىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىنغان پروجېكتتۇر. **1981** – يىلى ماكدونېل دوگلاس **(McDonnell Douglas)** شىركىتى بۇ تۈرنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشلاپ، **1995** – يىلى بارلىق سىناق ئۈچۈشلار تاماملانغۇچە، جەمئىي **14** يىل ۋاقىت كەتكەن. ياساش تەننەرخى جەھەتتە، ئۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ قىممەت ھەربىي ئايروپىلانلار ئارىسىدا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە ياساپ چىقىشقا **3.4** مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنغان.

پىلانلاش، پۈختا تەييارلىق قىلىش، پۇرسەتنى تۇتۇش ئارقىلىق... بىز **2009** – يىلىنىڭ بېشىدا رازۋېتكا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق ئادەم ۋە ماتېرىيال تەييارلىقلىرى خىزمىتىنى باشلىدۇق. بىر قانچە ئاي جاپالىق ئىشلەش ۋە ھارماي – تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، بىز ئىچكى قىسىمدا ماسلىشىش ئارقىلىق، **2010** – يىلى **1** – ئايدا، بوئىڭ شىركىتىنىڭ ئىچكى تورىغا بۆسۈپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

بىز بوئىڭ شىركىتىنىڭ ئىچكى تورىنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بوئىڭ شىركىتىنىڭ ئىچكى تور قۇرۇلمىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپلىكىنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ پاسىل ئورۇنلاشتۇرمىسىدا قوغدىنىش تېمى ۋە تاجاۋۇز (خاككېرلىق)دىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى، يادرولۇق تور ئورۇنلاشتۇرمىسىدا تاجاۋۇز (خاككېرلىق)نى بايقاش سىستېمىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مەخپىي توردا بولسا... تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش ئەسلىھەسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان، غايەت زور مىقداردىكى ئايرىۋېتىش ئەسلىھەسى بار ئىكەن. ھازىر بىز ئۇلارنىڭ ئىچكى توردا ساھە نامى **(Domain)**دىن **18** نى ۋە ئاپپاراتتىن ئون مىڭنى بايقىدۇق.

بوئىڭ شىركىتىنىڭ ئىچكى تورىنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپلىكى تۈپەيلى بىز رازۋېتكا ئىشلىرىمىزدا ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىشىپ كەتتۇق ۋە قېتىرقىنىپ ئىشلەش ۋە ئاستا – ئاستا ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئاخىرى (بوئىڭ شىركىتىنىڭ) مەخپىي تورىغا ساقلانغان، **C-17** تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى بايقىدۇق. بۇ مەخپىي تور **24** سائەت ئوچۇق بولمىغانلىقى، شۇنداقلا ئەسلىھەلەر ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تورغا پەقەت **C-17** پروجېكتىغا ئالاقىدار خادىملار ئۆزىنىڭ مەخپىي نومۇرلىرى ئارقىلىق كىرگەندە ئاندىن ئۇلانغىلى بولاتتى.

بىز تەييارلىقنى پۈختا قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مۇلازىمېتىرنىڭ ھۆججەت تىزىملىكىگە ئېرىشتۇق ۋە ئاز مىقداردىكى ھۆججەتلەرنى چۈشۈرۈۋالدۇق. مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن **C-17** گە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا (بىز قولغا چۈشۈرگەن) بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئايروپىلاننىڭ قونۇش ئۈسكۈنىسى، ئۇچۇش كونترولى سىستېمىسى ۋە ھاۋادىن تاشلاش سىستېمىسى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ختايدىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇنىڭ **C-17** گە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنىڭ ختايدا تۇنجى قېتىم كۆرۈلۈشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بۇ ماتېرىياللارنىڭ قىممىتىنى ۋە ختاي ئۈچۈن تېگىشكۈسىز دەرىجىدە مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئىلمىي / تېخنىكىلىق ياردەم، بىخەتەر قولغا چۈشۈرۈش، كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق. بوئىڭ شىركىتىنىڭ ئىچكى تور قۇرۇلمىسى پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ، شۇنداقلا قاتتىق قوغدىلىدىغان بولغاچقا، **C-17** گە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئوڭۇشلۇق قولغا چۈشۈرۈش ئېھتىيات بىلەن پىلان تۈزۈشنى ۋە كۈچلۈك تېخنىكىلىق ياردەمنى تەقەززا قىلاتتى. بىز خىزمىتىمىز داۋامىدا، بۇلارنى بىرمۇ بىر ھەل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.

**(1)** بىز ئىستىخباراتلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ رازۋېتكىغا قارشى خىزمى-

خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلىپ بېكىتتۇق. بىز ئۇنىڭ ئىچكى تورىغا كىرگەندىن تارتىپ، ئىستىخباراتلارنى قولغا چۈشۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇلارنىڭ بىزنى بايقىۋېلىشىنى قىيىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچكى توربدا توختىماي يۆتكىلىپ تۇردۇق. شۇنداقلا، بىز مۇۋاپىق پەيتتە ئامېرىكانىڭ سىرتىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تورلىرىغىمۇ يۆتكىلىپ تۇردۇق. يۆتكىلىش جەريانىمىزدا، بىز زور مىقداردىكى ئەسلىھە، روتېر ۋە مۇلازىمېتىرلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. ئەنە شۇلار ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىنىڭ ئوغۇرلۇق ھالدا قولغا چۈشۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

**(2)** بىز بوئىڭ شىركىتىنىڭ تور سىستېمىسىدىن بىخەتەر چىقىپ كېتىدىغان تېخنىكا ئىشلەتتۇق. چۈنكى، بوئىڭ شىركىتىنىڭ ئىچكى تورىغا سوقۇنۇپ كىرىش تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىن تەسكە توختىدى. بىز ئىستىخباراتلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، سانلىق مەلۇماتلارنى ئايرىيدىغان ۋە باغلايدىغان، ماتېرىياللارنىڭ فورماتىنى ئۆزگەرتىدىغان تېخنىكىلارغا تايىنىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، بىز ئۇلارنىڭ ئىچكى توربدىكى ئاپتوماتىك ۋە قول بىلەن باشقۇرۇلىدىغان تەكشۈرۈش ئەسلىھەلىرىدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى بىخەتەر ۋە ئوغۇرلۇق ھالدا، بوئىڭ شىركىتىنىڭ تورىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقالىدۇق.

**(3)** بىز ئوغۇرلۇق چېكىنىپ چىقىش ئۈچۈن (توردا) توختىماي يۆتكىلىپ تۇردۇق. ئىستىخباراتلارنى ئوغۇرلۇق قولغا چۈشۈرۈش، شۇنداقلا ئامېرىكا قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ ئىز قوغلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى بىر قانچە خىل يۆتكىلىش لىنىيەسىنى پىلانلىدۇق. بۇ لىنىيەلەر كەم دېگەندە ئۈچ دۆلەتتىن ئۆتەتتى، بىز بۇ ئۈچ دۆلەتتىن بىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن دوستانە مۇناسىۋىتى يوق دۆلەت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. بىز يەنە ۋەزىپىمىزنى بىخەتەر، ئوغۇرلۇق تاماملاش ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ سىرتىدا بەش ئالاھىدە لىنىيە ۋە مۇلازىمېتىر ئېچىپ، ۋەزىپە تاماملانغان ھامان، ئۇلارنى ئۆچۈرۈۋەتتۇق.

**(4)** بىز مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىپ، غايەت زور ئۇتۇققا ئېرىشتۇق. **C-17** تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايروپىلانىنى رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق، **65** گىگابايتلىق چوڭلۇقتىكى ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈردۇق. بۇنىڭ ئىچىدە **630** مىڭ پارچە ھۆججەت ۋە **85** مىڭ ھۆججەت خالتىسى بار بولۇپ، بۇلار **C-17** تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايروپىلانىنىڭ چېرتىيوژلىرى، تۈزىتىلگەن نۇسخىلىرى، كوللېكتىپ ئىمزالار قاتارلىقلارنىڭ سىكانىېرلانغان نۇسخىلىرى ۋەھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چېرتيوژلار ئايروپىلانىنىڭ ئالدى، ئوتتۇرا ۋە ئارقا قىسىملىرىنى، قاناتلار، گورىزىنتال تۇراقلاشتۇرغۇچ، رول ۋە قوماندانلىق مۇنارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ قۇراشتۇرۇش چېرتيوژىنى، زاپچاسلار ۋە زاپاس زاپچاسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى چېرتيوژلار چوڭ – كىچىكلىك ئۆلچەملىرى، ئېنىشىندى مىقدار، شۇنداقلا يەتكۈزۈش لىنىيەلىرى، توك يوللىرى ۋە ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا ئالاقىدار تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇچۇش سىناقلىرى ماتېرىياللىرىمۇ بار. بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى تەپسىلىي بولۇپ، ھۆججەت سىستېمىسى ئوچۇق ۋە تەپسىلىي، بۇلار مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن سۈپەتلىك چېرتيوژلار دەپ قارالدى. مەزكۇر ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا بىر يىل ۋاقىت ۋە 2.7 مىليون خىتاي پۇلى كەتتى، چىقىم شۇنچىلىك ئاز، ھوسۇل ئاجايىپ كاتتا بولدى. مەزكۇر رازۋېتكا (خاككېرلىق) خىزمىتى جەريانىدىكى پۇختا تەييارلىق ۋە ئىنچىكە پىلانلاشلار كەلگۈسىدىكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن مول تەجرىبە بولۇپ قالدى

بىز يېڭى ۋەزىپىلەرنى تاماملىيالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز ھەم بۇنىڭغا قادىرمىز... **2012** – يىلى **8** – ئاينىڭ **6** – كۈنى.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۇشبۇ دوكلاتى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بوئىڭ شىركىتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاپ بەش يىلدىن كېيىن، سۇ بىن قولغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ سوت ماتېرىياللىرى ئارىسىدا جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاندى.

**C-17** تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايرو-

پىلانى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ يوشۇرۇن تۈرلەرىنىڭ يۇك توشۇغۇچىسى بولۇپ، ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنى قوغداشتا، ئامېرىكا كۈچىنىڭ هالقىلىق ئېلېمېنتى بولغان «ئامېرىكانىڭ ئۆز تۇپراقلىرىنىڭ سىرتىدا هەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارى» ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. C-17 تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايروپىلانى c-5 ۋە c-130 تىپلىق ترانسپورت ئايروپىلانلىرى بىلەن بىللە ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش جەهەتتە هالقىلىق رول ئوينايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ بۇ جەهەتتىكى رولى هاۋا ئارمىيەسىنىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭكىدەك كۆچلۈك بولمىسىمۇ.

بوئىڭ شىركىتىنىڭ C-17 تىپلىق ئىستراتېگىيەلىك ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار ئوغرىلانغاندىن بۇيانقى ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، خىتاي ئۆزىنىڭ «شىئەن Y-20» ناملىق ئېغىر تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلانىنى كۆز – كۆز قىلىش بىلەن ئالدىراش يۈردى. مەزكۇر ئايروپىلان 2018 – يىلى 11 – ئايدا جۇخەي خەلقئارالىق ئاۋىياتسىيە كۆرگەزمىسىدە كۆرگەزمە قىلىنغاندا، ئۇنىڭ «تەقى – تۇرقى»نىڭ C-17 گە ئوپمۇئوخشاش ئىكەنلىكى هەيران قالارلىق ئەمەس ئىدى. خىتاينىڭ تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا «Y-20 خىتاينى رۇسىيە ۋە ئامېرىكادىن كېيىن، دۇنيادىكى ئۆزىنىڭ ئېغىر تىپلىق هەربىي ترانسپورت ئايروپىلانىنى ياساپ چىققان ئۈچىنچى دۆلەتكە ئايلاندۇردى» دەپ داۋراڭ سېلىندى. بۇ ئايروپىلانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى خىتايلار بوئىڭ شىركىتىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ياساپ چىقىلغانىدى.

هازىرغىچە جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانماي كەلگەن بىر ئىش شۇكى، سۇ بىننىڭ جاسۇسلۇق هەرىكىتى ئامېرىكاغا كەلتۈرگەن زىيان ئېلان قىلىنغىنىدىن زور دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. فېدېراتسىيە باش تەپتىشى تەييارلىغان ۋە تۇنجى قېتىم ئاشكارىلانغان بىر هۆججەتتە، سۇ بىن ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۈچىنچى باشقارمىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى بوئىڭ شىركىتىدىن ۋە ئامېرىكانىڭ باشقا دۆلەت مۇداپىئەسى هۆددىگەر شىركەتلىرىدىن ئوغرىلىغان مەخپىيەتلىكلەرنى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككىنچى باشقارمىسىنىڭ زەربىدار شىركىتى بولغان «چېڭئەن خەلقئارالىق سودا گۇرۇهى»غا يەتكۈزگەن. ئاندىن مەزكۇر شىركەت c-17 گە ئالاقىدار مەخپىيەتلىكلەرنى خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئايروپىلان ياساش شىركىتى «خىتاي ئاۋىياتسىيە سانائىتى گۇرۇھ شىركىتى» (中国航空工业集团公司)گە بەرگەن. ئاندىن بۇ ماتېرىياللار «خىتاي ئاۋىياتسىيە سانائىتى گۇرۇھ شىركىتى»نىڭ شۆبىسى بولغان «شىئەن ئايروپىلان سانائىتى شىركىتى»گە تاپشۇرۇلغان. مەزكۇر شىركەت Y-20 دىن سىرت، خىتاينىڭ H-6 ئىستراتېگىيەلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانىنى ۋە JH-7 بومباردىمانچى كۈرەشچى ئايروپىلانىنى ياساپ چىققان. بۇ شىركەت يەنە خىتاينىڭ H-20 دېيىلىدىغان، ئەڭ يېڭى، ئۇزاق مۇساپىلىق يوشۇرۇن بومباردىمانچى ئايروپىلانىنى ياساۋاتىدۇ.

چېڭئەن شىركىتى بىلەن سۇ بىننىڭ ئىلكى-دىكى نودىيەن شىركىتى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاشقا چېتىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، 2014 - يىلى سەككىزىنچى ئايدا ئامېرىكا سودا تارماقلىرى بۇ ئىككىلا شىركەتكە ئېمبارگو يۈرگۈزگەن.

هالبۇكى، مەزكۇر سەزگۈر سوت هۆججىتىدە، ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ ئامېرىكانىڭ قورال سىستېمىلىرىغا قارىتا ئوڭۇشلۇق تاماملىغان، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاشكارىلىنىپ باقمىغان باشقا ئىستراتېگىيەلىك سۇيىقەستلىرى هەققىدىكى تەپسىلاتلارمۇ تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاندى.

خىتاينىڭ خاككېرلىق ئارقىلىق لوكخىد مارتىن شىركىتىنىڭ F–35 تىپلىق رادارغا چۈشمەس كۈرەشچى ئايروپىلانىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىگە ئالاقىدار ئىچكى هۆججىتىنى ئوغرىلىۋالغانلىقى، خىتاينىڭ ئىلگىرى ئاشكارىلانمىغان سۇيىقەستلىرى پەيدا قىلغان ئەڭ ئېغىر زىيان ئىدى. چۈنكى، F–35 ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ رادارغا چۈشمەيدىغان، ئەڭ ئىلغار بومباردىمانچى كۈرەشچى ئايروپىلاندۇر. (خىتايلار ئوغرىلىۋالغان) بۇ هۆججەتنىڭ ئىسمى «F–35 ئۈچۈش سىنىقى پىلانى» ئىدى. فېدېراتسىيە تەپتىشى سۇ بىننىڭ

ئادۋوكاتىنىڭ «ئۇچۇش سىنىقى پىلانى سودا مەخپىيەتلىكى ئەمەس» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ھېلىقى مەخپىي ھۆججەتنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا F–35 ئايروپىلانىغا دائىر پەۋقۇلئاددە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بارلىقىنى ئېيتتى. «F–35 ئۇچۇش سىنىقى پىلانىدا F–35 ياساپ چىقىلغاندا ئۇنىڭ قانداق سىناق قىلىنىدىغانلىقى قىسقىچە بايان قىلىنغان. مەزكۇر پىلان بۇ خىل ئايروپىلاندىن قانچىسى ياسىلىدىغانلىقى ۋە ئىشقا كىرىشتۇرۇلىدىغانلىقى؛ بەزى زاپچاسلارنىڭ قانداق سىنىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق سەپلىنىدىغانلىقى، ئۇلار ئۈچۈن قانداق ئۆلچەش ئەسۋابى ئىشلىتىدىغانلىقى؛ F–35 ئايروپىلانىنىڭ ئىپادىسىنى، ئىقتىدارىنى ۋە ئۇنىڭ خىلمۇخىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ چېكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەندى باش تەپتىش.

سوت ھۆججىتى لوكخىد مارتىن شىركىتىدىن پېنسىيەگە چىققان ئاۋىياتسىيە ئىنژېنېرى، F-35 ئايروپىلانىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى جون كورستان (John Korstan) نىڭ گۇۋاھلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كورستان ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئىلغار، بەشىنچى ئەۋلاد ئايروپىلانى بولغان F-35 نىڭ ئاۋازدىن تېز سۈرئەتتە ئۇچىدىغانلىقىنى ۋە دۈشمەننىڭ رادارىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ « F-35ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىلەن توختاملاشقان كۆپلىگەن شىركەتنىڭ كۆپ يىل ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ياساپ چىقىلغان. ئۇنىڭ ئومۇمىي تەننەرخى نەچچە مىليار دوللارغا يېتىدۇ» دېدى ۋە (خىتايلار تەرىپىدىن ئوغرىلانغان) ئاشۇ «ئۇچۇش سىنىقى پىلانى»نى ئۆزىنىڭ تۈزۈپ چىققانلىقىنى ئېيتتى.

«F–35 ئۇچۇش سىنىقى پىلانىنى تۈزۈشكە تەخمىنەن 59959 ئىش سائىتى كەتكەن. مەن لوكخىد مارتىن شىركىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا، F – 35 ئۇچۇش سىنىقى پىلانى ئۇچۇرلىرىنىڭ مەخپىي تۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم». لوكخىد مارتىن شىركىتى كىرىش ئىجازىتى قوللىنىپ، تېخنىكىلىق ئۇچۇرلارغا ئېلېكترونلۇق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېرىشىشنى چەكلەش ۋە مەخپىي ئۇچۇرلار ساقلانغان ئەسلىھەلەرگە كىرىشكە چەكلىمە قويۇش ئارقىلىق، F– 35 ئۇچۇش سىنىقى پىلانى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى قوغدىغان.

مەزكۇر ئۇچۇش سىنىقى پىلانى سىناق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئايروپىلانلارنىڭ سانى، ھەرخىل زاپچاسلارنى سىناش دائىرىسى، سىناقتا ئىشلىتىدىغان ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، مەزكۇر ئايروپىلاننىڭ تەپسىلاتلىرى، شۇنداقلا F–35 ئايروپىلانىنىڭ ئىپادىسىنى، ئىقتىدارىنى ۋە چېكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كورستاننىڭ دېيىشىچە، ئۇ مەزكۇر ئۇچۇش پىلانىنىڭ سۇ بىر تەرىپىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا كورستان لوكخىد مارتىن شىركىتى ئۈچۈن تەييارلىغان ماتېرىيالدىكى ئەينى سۈرەتلەر بار ئىكەن. ئۇنىڭدا بوئىڭ 737 تىپلىق ئايروپىلانغان ئىشلىتىلگەن بىرلەشمە ئاۋىياتسىيە سىنىقى سۈپىتى كۆرسىتىلگەن.

مەزكۇر ئۇچۇرلار خىتاي ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى، بەشىنچى ئەۋلاد كۈرەشچى ئايروپىلانى بولمىش J-20 گە ئىشلەتكەن. ئامېرىكا ئىستىخبارات تارماقلىرى J-20 نىڭ لايىھەسىنىڭ F-35 نىڭكىدىن ئوغرىلانغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى. بۇ ئۇچۇرلار خىتاينىڭ ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن «ۋىزانتىيە دوزىخى» دەپ ئاتالغان خاككېرلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈلگەنىدى. مەزكۇر خاككېرلىق ھەرىكىتىنىڭ قوماندانلىق شتابى چېڭدۇغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتتە ئوغرىلانغان ئۇچۇرلار «خىتاي ئاۋىياتسىيە سانائىتى گۇرۇھ شىركىتى»نىڭ يەنە بىر تارماق شىركىتى بولغان «چېڭدۇ ئايروپىلان سانائىتى گۇرۇھى»غا بېرىلگەن ۋە مەزكۇر شىركەت J-20 ئايروپىلانىنى ياساش ۋە سىناق قىلىشتا بۇ ئۇچۇرلاردىن پايدىلانغان.

مەسىلەن، ئىستىخبارات دائىرىلىرى 2014 – يىلى 1 – ئايدا خىتاينىڭ تور بەتلىرىگە چىقىرىلغان J-20 ئايروپىلانىنىڭ سۈرەتلىرىدىن چېڭدۇدىكى ئايرو-

لان لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ J-20 نىڭ 2011 – ئاشكارىلانغان دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ بىر قانچە يېرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىكىنى بايقىغان، بۇ خىل ئۆزگەرتىشلەردىن بىرى ئايروپىلاننىڭ تۇمشۇقىنىڭ ئاستى قىسمىغا (بومبا قويۇپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان) يېڭى تىپتىكى ئېلېكتروئوپتىك نىشانلىغۇچنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر ئايروپىلاننىڭ ئىلگىرىكى نۇسخىلىرىدا كۆرۈنگەن، قۇيرۇق قىسمىدىكى موتورنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇرغان پۈركۈش ئېغىزى، ئايروپىلاندىن تارقىلىدىغان رادار سىگناللىرىنى تېخىمۇ ئازايتىش مەقسىتىدە كۆرۈنمەس قىلىنغانىدى. ئامېرىكا كۆرەشچى ئايروپىلاندىن ئوغرىلانغان تېخنىكىلارغا تايىنىپ ياساپ چىقىلغان J-20 نىڭ سىرتقى قىسمىغا يەنە بىر قەۋەت ئېلېكتروماگنىت دولقۇنىنى سۈمۈرۈۋالىدىغان ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتايلار شۇ دەرىجىدە ھەددى-دىن ئېشىپ، F-35 نىڭ تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلىغانلىقىدىن ئاشكارا ماختىنىپ يۈردى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قارمىقىدىكى «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» 2014 – يىلى 1 – ئايدا J-20 نىڭ ھالقىلىق تېخنىكىلىرىنىڭ F-35 دىن قولغا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تارمىقىنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى مىشېل ۋان كىلىفقا كۆرە، (Michelle Van Cleave) سۇ بىنىنىڭ سوتقا تارتىلغانلىقىنى بىر ئۇتۇق دېيىشكە بولىسىمۇ، لېكىن بۇ دېلو پەقەت «دېڭىزدىن تامچە» بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا كومپيۇتېر تورلىرىدىن زور مىقداردىكى مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ھەرىيلى داۋاملىق تۈردە سىرتقا (خىتايغا) ئېقىشىنى توختىتىپ قالالمىغان. ۋان كىلىف شۇنداق دەيدۇ: «خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ھەربىي ۋە تېخنىكىلىق مەخپىيەتلىكلىرىگە كۆز تىككەن نەچچە ئون مىڭلىغان جاسۇس ۋە كومپيۇتېر خاككېرلىرىدىن تەشكىل تاپقان تەجرىبىلىك جاسۇسلۇق تورى بار. ئۇلار سودا ياكى شىركەتلەرنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرەلمىگەن نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشقا تەييار تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوغرىلىقنى توسۇش بارغانسېرى تەسلەشمەكتە».

F-35 خىتاينىڭ خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بىردىنبىر ئىلغار ئايروپىلان ئەمەس. سۇ بىنىنىڭ دېلوسىدا خىتاينىڭ ئامېرىكاغا سالغان يەنە بىر زىيىنى، يەنى F-22 ئايروپىلانىغا ئالاقىدار قىممەتلىك تېخنىكىنىڭ ئوغرىلانغانلىقى ئاشكارىلاندى. بۇ تېخنىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى، مەزكۇر ئايروپىلاننىڭ دۈشمەن رادارىدىن قېچىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ساقلاش بۆلۈمچىسىگە ئالاقىدار تەپسىلاتلار ئىدى. F-22 مەخسۇس خىتاي بىلەن بولغۇسى جەڭ ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. بۇ ئايروپىلان «ئاۋازدىن تېز سۈرئەتتە چارلاش» ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، يىراق مۇساپىلىق ئۇچۇش جەريانىدا يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ساقلاپ، (باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئوخشاش) ئۇزۇن مۇساپىلىق قوراللارنى قويۇپ بېرەلەيدۇ ۋە يەنە (ئارىلىقتا ماي قاچىلاشقا موھتاج بولماستىن) ئۆزىدە بار يېقىلغۇ ئارقىلىق بازىغا ساق – سالامەت قايتىپ كېلەلەيدۇ.

خارىس شىركىتىنىڭ ئالىي سىستېما ئىنژېنېرى، بىر مەھەل EDO دېگەن ئايروپىلان شىركىتىدە ئىشلىگەن نىكولاس دېسىمىنى (Nicholas DeSimini) F-22 نىڭ قورال بۆلۈمچىسىنى ياساشقا قاتناشقان. ئۇ سۇ بىنىنىڭ دېلوسىدا سوتقا تاپشۇرغان بىر باياناتتا، خىتاينىڭ مەزكۇر شىركەتتىن F-22 نىڭ AMRAAM تىك قويۇپ بېرىش سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش بۆلۈمچىسىگە ئالاقىدار مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلىغانلىقى ئاشكارىلاندى. AMRAAM (Advanced medium – range air-to-air missle) «ئىلغار ئوتتۇرا مۇساپىلىك ھاۋادىن ھاۋاغا قارىتىلغان باشقۇرۇلىدىغان سنارەد»نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، F-22 گە سەپلەنگەن. «2002 – يىلىنىڭ باشلىرىدا، مەن EDO شىركىتىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش بۆلۈمچىسى پروگراممىسىنىڭ تېخنىكا يېتەكچىسى ئىدىم» دەيدۇ دېسىمىنى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەزكۇر تېخ-

نىكىنىڭ شارائىتىدە، F-22 ئايروپىلانلىرىدىكى قوراللار (نورمال ئەھۋالدىكىدەك) ئايروپىلاننىڭ قانىتى ئاستىغا ئەمەس، بەلكى ئىچكى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، بۇ ئايروپىلاننىڭ راداردىن يوشۇرۇنۇش ئىقتىدارى بەكلا كۈچەيگەن.

2002 – يىلىدىن 2004 – يىلى 3 – ئايغىچە، دېسمىنى «F-22 نىڭ ئىلغار ئوتتۇرا مۇساپىلىك ھاۋادىن ھاۋاغا قارىتىلغان باشقۇرۇلىدىغان سنارەدنى تىك قويۇپ بېرىش سىستېمىسى LAU-142/A نىڭ بىرەسمىي مەشىقى، شۇنداقلا ئاسراش ۋە مۇلازىمىتى» ماۋزۇلۇق بىر دوكلات تەييارلىغان. سۇ بىن ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۈچىنچى باشقارمىسىنىڭ خاككېرلىرى مەزكۇر مەخپىي دوكلاتنى قولغا چۈشۈرگەن. مەزكۇر دوكلاتتا ئىزاھلانغان ئۈچ ئۆلچەملىك تەسۋىر، تىك قويۇپ بېرىش سىستېمىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنىڭ سۈرىتى، كەسمە يۈز دىئاگراممىسى، مېخانىكىلىق لايىھەلەش سىخېمىسى، سۈيۇقلۇق/گاز بېسىمى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش سىخېمىسى، توك يولى سىخېمىسى ۋە تىك قويۇپ بېرىش سىستېمىسى زاپچاسلىرىنىڭ ئىقتىدارلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى ۋە چۈشەندۈرۈشى قاتارلىق سەزگۈر ئۇچۇرلار بار ئىدى. ئۇ يەنە تىك قويۇپ بېرىش سىستېمىسىنىڭ ئېپادىسى ۋە زاپچاسلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئۆلچەيدىغان بەلگىلىك مىقدار كۆرسەتكۈچلىرىنى، شۇنداقلا ئورنىتىش ۋە چۈۋۈش كۆرسەتمىلىرىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ رادارغا چۈشمەس ئايروپىلاننى ياساپ چىقىشىدا ئوبدان كارغا كەلگەنىدى.

مەزكۇر قويۇپ بېرىش سىستېمىسى «ئىلەڭگۈچ» سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدىغان قورال بۆلۈمچىسىدىن مىتال قول ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىدىغان بولۇپ، مەزكۇر «ئىلەڭگۈچ» سىستېمىسىدا ئايروپىلان قانىتى ئاستىدىن باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان پارتلاتقۇچ قويۇپ بېرىش مېخانىزمىغا ئېھتىياج يوق. بۇ سىستېمىنىڭ سىخېملىرى 2000 – يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاشكارىلانغان، لېكىن بۇ سىخېملاردا EDO شىركىتىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن ئوغرىلانغان دوكلاتىدىكىدەك قىممەتلىك ئۇچۇرلار يوق ئىدى. دېسمىنى مۇنداق دەيدۇ «EDO شىركىتىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش سىستېمىسىغا ئالاقىدار دوكلاتىدىكى مەزكۇر تەپسىلاتلار ئەڭ ئىلغار كۆرەشچى ئايروپىلاندىكى بۇ ئىلغار بۆلۈمچىنى ياساپ چىقىش خىزمىتىنىڭ سەمەرىسىدۇر. بىراۋ بۇ سىخېملارنى ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇشبۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش بۆلۈمچىسىنىڭ قانداق ياساپ چىقىلغانلىقىنى ئاساسەن بىلىۋالالايدۇ».

دەرۋەقە، خىتايلار ئاشۇنداق قىلدى. ئۇلار مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەرگۈچنىڭ (ئۆزلىرى ئوغرىلىۋالغان) تەپسىلاتلىرىغا تايىنىپ، ئامېرىكانىڭكىگە ئاساسەن ئويمۇئوخشاش «باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تىك قويۇپ بەرگۈچ» ياساپ چىقتى ۋە ئۇنى J-20 كۆرەشچى ئايروپىلانىغا سەپلىدى. مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەرگۈچ 2013 – يىلى يازدا خىتايدىكى ئاشقۇن مىللەتچىلەرنىڭ بىر تور بېتىدە ئېلان قىلىنىدى.

سۇ بىن دېلوسىنىڭ ئامېرىكا تارىخىدىكى زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولغان تور ئىشپىيونلۇقى دېلولىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى شەكسىز. لېكىن، بۇ بېيجىڭنىڭ ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكانىڭ جەڭدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشقا ئىشلىتىشى مۇمكىن بولغان ھەربىي مەخپىيەتلىكلىرىنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلغان ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى 2000 – يىللارنىڭ بېشىدا باشلىغان كەڭ كۆلەملىك تور ئىشپىيونلۇقى ھەرىكەتلىرىدىن پەقەتلا بىرىدۇر. ئالدىدىمۇ تىلغا ئېلىنغىنىدەك، خىتاي ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن «ۋېزانتىيە دوزىخى» دەپ ئاتالغان، ئامېرىكانىڭ ئېلېكترونلۇق سىستېمىسىغا سوقۇنۇپ كىرىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك، كەڭ كۆلەملىك تور ئىشپىيونلۇقى ھەرىكىتى ئارقىلىق زور مىقداردىكى مەخپىيەتلىك ۋە سەزگۈر ئۇچۇرلارنى ئوغرىلىغان، شۇنداقلا

خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دۆلەت مۇداپىئەسى شىركەتلىرى ۋە قورال ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلىرى بۇ ئۇچۇرلارنى ئۆزىنىڭكى قىلىپ ئىشلەتكەن. خىتاينىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى **2019** – يىلىمۇ داۋاملاشقان بولۇپ، ھېچ توختايدىغاندەك قىلمايتتى. دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ **2013** – يىلى ئاشكارىلانغان مەخپىي ھۆججەتتىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى «ۋىزانتىيە دوزىخى»غا ئالاقىدار **30** مىڭدىن ۋەقەنى بايقىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى **500**ى بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى ۋە باشقا كومپيۇتېر سىستېمىلىرىغا سوقۇنۇپ كىرگەن ئېغىر تاجاۋۇزچىلىقلار دەپ سۈپەتلەنگەن. خىتايلار بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق **1600** دىن كۆپرەك تور كومپيۇتېرلىرىغا سوقۇنۇپ كىرگەن، **600** مىڭ ئابۇنت ھېسابىنى خەتەرگە ئۇچراتقان، شۇنداقلا ئامېرىكانى بۇ تورلارنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن **100** مىليون دوللاردىن ئارتۇق چىقىمدار قىلغان.

سۇ بىن ۋە ئۇچىنچى باشقارمىنىڭ جاسۇسلىرى ئالتە يىلغىچە بايقىلىپ قالماي ئىشپىيونلۇق قىلغان ۋە خىتاي ئۈچۈن نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. سۇ بىن ئاخىرى **2013** – يىلى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ «ۋىزانتىيە دوزىخى» ۋە ئۇنىڭ شاخچە ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان «ئوقيا تۇتۇلۇشى» **(ArrowEclipse)** ناملىق تور جاسۇسلۇقىغا قارشى پروگراممىسى ئارقىلىق بايقالغان. «ۋىزانتىيە دوزىخى» ھەرىكىتىنىڭ شاخچىلىرى تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە: خىتاينىڭ بەشبۇرجەكلىك بىناغا قارشى خاككېرلىقىغا ئالاقىدار «ۋىزانتىيەنىڭ سەمىمىيىتى» ھەرىكىتى؛ بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كومپيۇتېرلىرىنى نىشانلىغان «ۋىزانتىيە يىرتقۇچى» ھەرىكىتى؛ ئامېرىكانىڭ تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋە ئامېرىكا ترانسپورت قورماندانلىق مەركىزىنىڭ تورلىرىنى نىشانلىغان «ۋىزانتىيە تايانچ بازىسى» ھەرىكىتى. ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ شىفىر بۇزۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولغان، ئەڭ ئۇڭۇشلۇق تور جاسۇسلۇقى ھەرىكەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ رەقەم بىخەتەرلىكى شىركىتى **RSA** غا قىلغان مۇرەككەپ تور ھۇجۇمىدۇر. ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ خاككېرلىرى بۇئىڭ شىركىتىنىڭ كومپيۇتېر باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ كۆزىنى بوياشتا پايدىلانغان «زەھەرلىك چىڭگىلىك» يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىپ، **2011** – يىلىنىڭ بېشىدا **RSA** شىركىتىنىڭ تور سىستېمىسىغا سوقۇنۇپ كىرگەن ۋە بۇ شىركەتنىڭ **SecurID** دېيىلىدىغان بىر سىستېمىدا ئىشلىتىلىدىغان شىفىرلەش ئاچقۇچىنى ئوغرىلىغان. بۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەر شىركەتلىرى تەرىپىدىن دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەرلىرىنىڭ تورىغا كىرىشتە ۋە يىراقتىن بىخەتەر ئىشلىتىشتە قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئىدى.

بۇ ئامېرىكانىڭ ھەربىي تېخنىكىلىرىنىڭ جەۋھىرىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنغان ھەربىي خاككېرلار ئۈچۈن زور بۆسۈش ئىدى، شۇنداقلا بۇنى قىلغۇچىلار ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ ھەربىي خاككېرلىرى ئىدى. تور بوشلۇقىدا تېخنىكا ئوغرىلاش جەھەتتىكى مەخپىي تىركىشىشلەر يوشۇرۇن ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى بۇ ئۇرۇشتا بەزى ئۇتۇقلارغىمۇ ئېرىشتى. خىتاي خاككېرلىرى **RSA** شىركىتىنىڭ شىفىرلەش ئاچقۇچىنى ئوغرىلاپ، ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەر شىركەتلىرىگە تېخىمۇ كۆپ ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇن، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى خىتاينىڭ ھەربىي تور ئىستىخباراتى ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. **2009** – يىلى **7** – ئايدا، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ مارىيلاند **(Maryland)** شتاتىدىكى فورد مىد **(Ford meade)**غا جايلاشقان تەھدىت ھەرىكەتلىرى مەركىزى ئۆزلىرىنىڭ كومپيۇتېر تورى قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان، ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھۇجۇم خاراكتېرلىك تور جاسۇسلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەس، بەلكى ئامېرىكانىڭ سىستېمىلىرىنى خاككېرلاردىن قوغداش بولغان «تور جەڭچىلىرى» **(Cyber warriors)**دىن بىر ئاگاھلاندۇرۇش تاپشۇرۇۋالغان. مەزكۇر گۇرۇپپىدىكىلەر چەتئەللىك خاككېرلارنىڭ بىرى

ئىشلەتكەن ئىنتېرنېت كېلىشىم (IP) ئادرېسىنىڭ «ۋىزانتىيە يىرتقۇچى» تور ھۇجۇمى بىلەن شۇغۇللانغان خىتاي خاككېرلىرى ئىشلەتكەن قوماندانلىق ۋە كونترول تۈگۈنى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغاندا، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ تەھدىت ھەرىكەتلىرى مەركىزى بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ مۇداپىئە ئابونتلىرىنى نىشانلىغان يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتالنى ئىزچىل كۆزىتىۋاتقانىدى.

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى-نىڭ ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئېلېكترونلۇق ئىستىخبارات ۋە تور ئۇرۇشى گۇرۇپپىسىغا، يەنى «سىگنال ئىستىخباراتى باشقارمىسىنىڭ كومپيۇتېر تورى گۇرۇپپىسى»غا يوللانغان بولۇپ، مەزكۇر گۇرۇپپا دۇنيادىكى ئەڭ يارامىلىق، تالانتلىق خاككېرلارنى ۋە تور - كومپيۇتېر جاسۇسلىرىنى ياللاپ ئىشلىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى مەخپىي ھالدا ئاشۇ قوماندانلىق ۋە كونترول تۈگۈنىگە كىرىپ، «ۋىزانتىيە يىرتقۇچى» ھەرىكىتىنىڭ ئارقىسىدىكى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خاككېرلار گۇرۇپپىسىغا ئالاقىدار زور مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى توپلاشقا باشلىغان. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ تەھدىت ھەرىكەتلىرى مەركىزىنىڭ ھاۋايىدىكى «كۇنىيا رايونلۇق سىگنال ئىستىخباراتى ھەرىكەتلىرى مەركىزى»گە جايلاشقان بىر گۇرۇپپىسى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۈچىنچى باشقارمىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى باشقارمىسىنىڭ خاككېرلىق ھەرىكەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلغان. «كۇنىيا رايونلۇق سىگنال ئىستىخباراتى ھەرىكەتلىرى مەركىزى» ياكى «كۇنىيا تونېلى» 1941 - يىلى ياپونىيە مەرۋايىت پورتىنى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىنلا، ۋىلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئايرودرومىغا يېقىن جايدىكى ئايروپىلان قۇراشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرئاستى ھەربىي مۇئەسسەسەنىڭ ئىچىگە ياسالغانىدى. بۇ يەر ھېلىھەم ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى فۇنكسىيەسى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ ئوئاخۇدىكى يېڭى بىناسىغا يۆتكەلدى.

شۇنىڭدىن تاكى مەزكۇر ئىدارىنىڭ سابىق خىزمەتچىسى ئېدۋارد سنوۋدېن (Edward Snowden) خائىنلىق قىلىپ، قولغا چۈشۈرۈلگەن مەخپىي ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىۋەتكىچە بولغان بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى ئىككىنچى باشقارمىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار قىممەتلىك ئىستىخباراتلارنى قولغا چۈشۈردى. لېكىن، سنوۋدېن ساتقىنلىق قىلىشتىن ئىلگىرى قولغا چۈشۈرۈلگەن ئۇچۇرلار يەنىلا ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كومپيۇتېرلىرىغا قانداق خاككېرلىق قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مەخپىيەتلىكلىرىنى قانداق چۈشۈرىۋالغانلىقىنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلدى.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى ئەنە شۇ ھەرىكەتتىن خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «زەھەرلىك چېكەتكىلىك» يۇمشاق دېتالىدىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلانغان ئۇچۇرلارنى ئەڭ كەم دېگەندە باشقا ئۈچ دۆلەتتىكى «تاقلاش نۇقتىلىرى» ئارقىلىق خىتايغا قانداق ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى جاسۇسلارغا قارشى جاسۇسلۇق قىلىشتا ئىنتايىن ۋايىغا يەتكەندى ۋە بۇنى «تۆتىنچى تەرەپنىڭ ئۇچۇر توپلىشى» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئۈچىنچى تەرەپكە قارشى جاسۇسلۇق قىلىدىغان چەتئەل ئىستىخبارات سىستېمىلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۇلارغا تۇيدۇرماستىن، ئۇلار (جاسۇسلۇق ئارقىلىق) توپلىغان ئۇچۇرلارنى ئوغرىلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى بۇنداق قىلىشنى «سېنىڭ سۈتلۈك ئىچىملىكىڭنى ئىچىۋالىمەن» دەپ ئاتايتتى. بۇ گەپ «ئۇ يەردە قان ئاقىدۇ» دېگەن فىلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر فىلىمدە دانىيېل دەي لېۋىس رولىنى ئالغان پېرسوناژ باشقىلارنىڭ نېفتلىكىگە ئوغرىلىقچە كىرىپ، ئۇلارنى يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئوغرىلىۋېلىشنى باشقىلارنىڭ سۈتلۈك ئىچىملىكىگە نەيچە سېلىپ، ئۇنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋېلىشقا ئوخشىتىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئىچىۋالغان «سۈتلۈك ئىچىملىكى» خىتاي «ۋىزانتىيە يىرتقۇ-

چى» ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوغرىلىغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم ھۆججەتلىرىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى بولدى.

دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇمات توپلاش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇمات توپلىمىنى جاسۇسلۇققا قارشى رازۋېتچىكلار ئىشلىتىدىغان **Pinwale** دەپ ئاتىلىدىغان مەخپىي ساقلاش سىستېمىسىغا ئەۋەتىدۇ. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «ۋىزانتىيە يىرتقۇچى» ھەرىكىتىگە مەسئۇل خاككېرلىرىنىڭ مەخپىي خاككېرلىق ھەرىكەتلىرى **FBI** نىڭ سۇ بىنىنىڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈۋاتقان جاسۇسلۇق قارشى جاسۇسلىرىغا ئەسقاتتى. «ۋىزانتىيە دوزىخى» ھەرىكىتىنىڭ تارماق ھەرىكىتى بولغان «ۋىزانتىيە لەڭگىرى» ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ قورال سىستېمىلىرىغا، ئۇچۇر تېخنىكىلىرىغا ۋە دۆلەتلىك ئاۋىياتسىيە ۋە ئالەم بوشلۇقى ئىدارىسى **(NASA)**نىڭ ئۇچۇرلىرىنى نىشانلىغانىدى. سۇ بىن دېلوسىنىڭ ئارقىسىدىمۇ دەل مۇشۇ ھەرىكەتكە مەسئۇل بولغان خاككېرلىق گۇرۇپپىسى بار ئىدى، شۇنداقلا بۇ ئامېرىكا ئەدلىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن ئەرز قىلىنغان ئاز ساندىكى تور جاسۇسلۇق دېلولىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تور ھۇجۇمى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچكى تەپسىلاتلىرى تۇنجى قېتىم مۇشۇ دېلو ئارقىلىق جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغانىدى.

سۇ بىن دېلوسىدىكى سوت ماتېرىيالىدا، (بۇ بابنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان) «زەھەرلىك چېڭگىلىك» يۇمشاق دېتالى سېتىۋېلىش ھەققىدىكى ئېلخەتنى ئەۋەتكۈچىنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارىلانمىدى. ئەمما، بۇ دېلو ھەققىدىكى تەھلىللەر مەزكۇر ئېلخەتنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئۈچىنچى باشقارمىنىڭ كاتتىبېشى، گېنېرال ليۇ شياۋبېي ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەمما، مەزكۇر ئەرزنامىدە، ئېلخەت ئەۋەتكۈچى ھەققىدە «ئەرز قىلىنمىغان **2** - شېرىك جىنايەتچى» **(UC-2)** دېيىش بىلەن كۇپايىلىنىلگەن. بۇ دېلوغا چېتىشلىق ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس، يەنى **c-17, F-35** ۋە **F-22** ئايروپىلانلىرىنىڭ مەخپىي-يەتلىكلىرىنى ئوغرىلىغان ھەققىي خاككېرمۇ يەقەتلا « ئەرز قىلىنمىغان **1** - شېرىك جىنايەتچى» **(UC-1)** دېيىلدى، بۇ ئەرز قىلىنمىغان **1** - شېرىك جىنايەتچىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن، خىتاي ھۆكۈمىتىگە چېتىشلىق، يېڭ يىنەن ئىسىملىك خاككېر ئىكەنلىكى مەلۇم. يېڭ يىنەن خىتاينىڭ ئۈچىنچى باشقارما، دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ۋە شاڭخەي جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قاتارلىق جاسۇسلۇق ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىقى بار «قەھۋەچىلەر» **(Javaphile)** دەپ ئاتىلىدىغان جاسۇسلۇق ئورگىنىنىڭ باشلىقىدۇر. **FBI** « ئەرز قىلىنمىغان **1** - شېرىك جىنايەتچى»نى «خىتايدىكى بىر قانچە تەشكىلات ۋە ئەمەلىي گەۋدىگە تەۋە» دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، بۇ سۈپەت يېڭ يىنەنگە ماس كېلىدۇ. **(FBI** نىڭ ھۆججىتىدە) «ئەرز قىلىنمىغان **2** - شېرىك جىنايەتچى» بولسا «ئەرز قىلىنمىغان **1** - شېرىك جىنايەتچى»نىڭ نازارەتچىسى دېيىلگەنىدى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ **2008** – يىلى بەشىنچى ئايدىكى بىر مەخپىي تېلېگراممىسىدا، «يېڭ يىنەن ئىشلەتكەن **IP** ئادرېسى <ۋىزانتىيە لەڭگىرى> خاككېرلىق ھەرىكىتىگە بىۋاسىتە چېتىشلىق» دېيىلگەنىدى. مەزكۇر تېلېگراممىدا شۇنداق دېيىلگەن: «**2008** – يىلى **3** – ئاينىڭ **17** – كۈنى، <قەھۋەچىلەر>نىڭ باشلىقى يېڭ يىنەننىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا يوللانغان ئېلخەت، شۇنىڭدىن ئىلگىرى <ۋىزانتىيە لەڭگىرى> خاككېرلىق ھەرىكىتىدە ئىشلىتىلگەن **203.81.177.121** دېگەن **IP** ئادرېسىدىن ئەۋەتىلگەن. نۇرغۇنلىغان سەزگۈر دوكلاتلاردا خىتاينىڭ خاككېرلىق گۇرۇپپىسى <قەھۋەچىلەر> بىلەن <ۋىزانتىيە لەڭگىرى> خاككېرلىق ھەرىكىتىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇ ئىككىسى ئارىسىدا روشەن باغلىنىش بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. <ۋىزانتىيە لەڭگىرى> خاككېرلىق ھەرىكىتىگە چېتىشلىق **IP** ئادرېسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە <قەھۋەچىلەر> گۇرۇپپىسىنىڭ تور بېتى بولغان <**javaphile.org**>نىڭمۇ **IP** ئادرېسى، شۇنداقلا <قەھۋەچىلەر>گە چېتىشلىق ئېلان يازمىلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، <قەھۋەچىلەر> بىلەن <ۋىزانتىيە لەڭگىرى>نىڭ

بىر – بىرىگە باغلىنىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بۇ ئىككىلىسى <قەھۋەچىلەر>نىڭ ئەزاسى <Ericool> تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان <eRACS> قوماندانلىق – كونترول قورالىنى ئىشلەتكەن. ھالبۇكى، <Ericool> <قەھۋەچىلەر>نىڭ باشلىقى پېڭ يىنەننىڭ نۇرغۇن لەقەملىرىدىن بىرىدۇر. گەرچە بۇ ھەقتە ئوچۇق دەلىل – پاكىتلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ يېقىنقى سەزگۈر دوكلاتلاردا يەنىلا پېڭ يىنەننىڭ <ۋىزانتىيە لەڭگىرى>گە چېتىشلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە كۈچلۈك ئالامەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى».

2012 – يىلى يازدا، ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى توپلىغان زور مىقداردىكى ئېلخەتلەر FBI نىڭ ئالاھىدە خادىمى، لوس ئانژېلېس باشقارمىسى تور جىنايى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاستىن ۋاللېس (Justin Vallese) قا تاپشۇرۇلغان. «بىز تۇنجى كۈندىن تارتىپلا، (خىتاينىڭ خاككېرلىق قىلمىشلىرى ھەققىدىكى) ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى بىلەتتۇق. بۇ ئېلخەتلەرنىڭ مەزمۇنى كىشىنى ھاڭ – تاڭ قالدۇرىدۇ» دېگەنىدى ئۇ «Wired» ژۇرنىلىغا.

سۇ بىن ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خاككېرلىق ئەترىتى بوئىڭ شىركىتىنىڭ ئورەنج (Orange) ناھىيەسىدىكى مۇلازىمېتىرىغا سوقۇنۇپ كىرگەن ۋە ئۇنىڭ C-17 ئايروپىلانىغا ئالاقىدار مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتە تەدبىر قوللىنىشىغا تۆت يىل ۋاقىت كەتتى. جاسۇسلۇققا قارشى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەقىقەتەن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. لېكىن، سۇ بىننىڭ دېلوسىغا ئادەتتىكىدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت كېتىشىگە ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ قاباھەتلىك چۈشى ــ سنوۋدېن، شۇنداقلا ئۇنىڭ دەسلەپتە خوڭكوڭغا، ئاندىن موسكۋاغا بېرىۋېلىشى سەۋەب بولغان. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن سنوۋدېن ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر مىليون پارچىدىن كۆپرەك ئەڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئوغرىلىغان ۋە بىر قانچىلىغان لىبېرال سولچى تاراتقۇلار ئارقىلىق (ئامېرىكاغا نىسبەتەن) ۋەيران قىلغۇچ ھۆججەتلەرنى ئاشكارىلىغانىدى. تەكشۈرگۈچىلەر «ئۇنىڭ <قانۇنسىز ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىش قىلمىشلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدىم> دېگىنى يالغان، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىدىن ئۆچ ئېلىش» دېگەن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش تارمىقىنىڭ خادىملىرى سنوۋدېن ئاشكارىلىغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ چىققان ۋە ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ تەڭداشسىز، مۇۋەپپەقىيەتلىك، جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش پروگراممىسى «ئوقيا تۇتۇلۇشى»نىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئىگىلىگەن. ئەمما، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى بىر قارارغا كېلەلمىگەن ھەمدە FBI نىڭ سۇ بىننى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىغا ئىمزا قويۇشنى كېچىكتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. (ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىدىكى) ئەمەلدارلار بەلكىم سۇ بىننى قولغا ئالغان تەقدىردە، «ۋىزانتىيە دوزىخى» ۋە ئۇنىڭ تارماق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا «ئوقيا تۇتۇلۇشى» پروگراممىسىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن.

2014 FBI – يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بۇ دېلونى بايان قىلغان ئەللىك بەتلىك تەپسىلىي جىنايى ئىشلار ئەرزىنى تەييارلىدى. ئۇلارنىڭ ۋانكوۋېردىكى كانادا خان جەمەتى ساقچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە، سۇ بىن ئەتىسى، يەنى ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە خىتايغا كېتىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن قولغا ئېلىندى. ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان دىپلوماتىيە ۋە ئىستىخبارات ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، سۇ بىن ئامېرىكاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى كانادادا يىگىرمە ئاي تۇتۇپ تۇرۇلدى. مەزكۇر پىلانغا كۆرە، سۇ بىندىن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە تېخنىكىسىنى ئوغرىلاش، شۇنداقلا بوئىڭ ۋە باشقا دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەرلىك شىركەتلىرىنىڭ تورىغا

ھۆجۇم قىلىش جىنايەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا تەلەپ قىلىندى. مەزكۇر تەلەپ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى سۇ بىن خىتاينىڭ تور تېخنىكا ئوغرىلىقىغا ئالاقىدار تېخنىمۇ كۆپ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىۋەتمىگەن تەقدىردە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا، كانادا ۋە خىتاينىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەزكۇر تەلەپ ھەققىدىكى تالاش – تارتىشلار نەتىجىسىدە، خىتاينىڭ سۇ بىننى خاككېرلىق ھەرىكىتى جەريانىدىكى (ئاساسلىق پېرسوناژ ئەمەس، بەلكى) «يوگۇر – يېتىم ئىشلارنى قىلغۇچى ئىدى» دېيىشىگە يول قويۇلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەرگىزمۇ «يۈگۈر – يېتىم ئىشلارنى قىلغۇچى» ئەمەس ئىدى. ئامېرىكادىكى جاسۇسلۇققا قارشى تارماقلارنىڭ ئەمەلدارلىرى سۇ بىننى «ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ مۇھىم خىتاي تور جاسۇسلىرىدىن بىرى» دېيىشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى سۇ بىننىڭ C-17 ئايروپىلانىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلاش جەھەتتە ئوينىغان رولى، شۇنداقلا F-22 ۋە F-35 ئايروپىلانلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن «ئالدىنقى سەپ»تە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن، ئۇنى چوڭ بىر مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىغانىدى.

خىتاينىڭ كانادانى مەركەز قىلغان، تور ئارقىلىق دۆلەت مۇداپىئە تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلاش ھەرىكىتى ئۈچۈن سۇ بىننىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى، ئۇ قولغا ئېلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىنىشكە باشلىدى. خىتاينىڭ دەندوڭ شەھىرىدىكى ساقچىلار خىتايدا ياشاۋاتقان، كېۋىن گاررات (Kevin Garratt) ۋە جۇلىيا گاررات (Julia Garratt) ئەر – ئايالنى «خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنغان» دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالدى. بۇ ئىككىيلەن دەندوڭ شەھىرىدە رېستوران ئاچقان، خرىستىيان مىسسىيونېر (دىن تارقاتقۇچى)لار ئىدى. بېيجىڭ بۇ ئىككەيلەنى گۆرۈگە ئېلىش ئارقىلىق، كانادانىڭ سۇ بىننى ئامېرىكاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنى خىتايغا ئەكەتمەكچى ئىدى.

خىتاي سۇ بىننىڭ خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك تور جاسۇسلۇقى ھەرىكەتلىرىگە دائىر مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ئامېرىكانىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىغا دائىرى مەخپىيەتلىكلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەمسىز ئۇچقۇ ۋە NASA نىڭ ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت مۇداپىئەسى تېخنىكىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشنى نىشان قىلغانىدى.

كېۋىن گاررات تاكى 2016 – يىلى 9 – ئايغىچە خىتاي تۈرمىسىدە ئىككى يىلدىن كۆپرەك ياتقاندىن كېيىن، سۇ بىن مۇددىتىنى نىسبەتەن قىسقا دېيىشكە بولىدىغان تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۆت ھەپتىدىن كېيىن، ئاندىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

خىتاينىڭ سۇ بىنغا ئالاقىدار ئىستىخبارات ۋەقەسىدىكىدەك، كانادا پۇقرالىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش قىلمىشى 2018 – يىلى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. بۇ قېتىم ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كانادا دائىرىلىرىدىن بىر ئايال خىتاي تىجارەتچىنى، يەنى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار، خەلقئارالىق تېلېگراف ئالاقىسى ماگناتى – خۇاۋېي شىركىتىنىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى (CFO) (مېڭ ۋەنجوۋ)نى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

خۇددى سۇ بىن 2014 – يىلى قولغا ئېلىنغاندەك، خۇاۋېي شىركىتىنىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى مېڭ ۋەنجوۋمۇ ۋانكوۋېردا «ئامېرىكانىڭ ئىراندىكى تېرورچى ھاكىمىيەتكە مەھسۇلات سېتىشنى چەكلەيدىغان ئېمبارگوسىغا خىلاپلىق قىلغان» دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، خىتاي دائىرىلىرى جەمئىي 13 نەپەر كانادا پۇقراسىنى تۇتقۇن قىلىپ، گۆرۈگە ئالدى. خۇاۋېي شىركىتى ۋە مېڭ ۋەنجوۋ «ئىران بىلەن قانۇنسىز پۇل - مۇئامىلە ئالاقىسى قىلغان ۋە ئامېرىكا تېلېگراف شىركىتى Mobile - T دىن پاتېنتلىق تېلېگراف تېخنىكىسىنى، يەنى Tappyدەپ ئاتىلىدىغان ماشىنا ئادەم سىناق قىلىش ئۇسكۇنىسىنى ئوغرىلىغان» دەپ ئەيىبلەنگەن.

توققۇزىنچى بابتىمۇ كۆرستىلگىنىدەك، بۇ قىلمىش خىتاينىڭ غەربكە قارىتىلغان سىستېمى-

سىستېمىلىق، پىلانلىق ئىقتىسادىي ئۇرۇش پروگراممىسىنى نامايەن قىلدى. خىتاينىڭ تور جاسۇسلۇقى بېيجىڭنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىستىخبارات توپلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر.

☆ يەتتىنچى باب ☆

# يۇقىرى تېخنىكىلىق ھاكىممۇتلەقلىق

**«2017 - يىلى، شاڭخەيدىكى تور ساقچىلىرىنىڭ سانى بەش يۈزگە يەتمەيتتى، ئەمما بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، بۇ سان بەش مىڭغا كۆپەيدى. بۇ ساقچىلارنىڭ ۋەزىپىسى تور ئۇچۇرلىرىنى تىزگىنلەش ۋە تور <جىنايەتلىرى>نى تەكشۈرۈش ئىدى».**

**ـــ 2018 – يىلى چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن شاڭخەي پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى بىر دىرېكتور.**

يىگىرمە يىل ئاۋۋال، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىتاي كومپارتىيەسى بىر مىلياردتىن كۆپرەك پۇقرانى تىزگىنلەپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي ساقچى ۋە بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىدىن پايدىلانغانىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورقۇنچلۇق **KGB** سىنى ئۈرنەك قىلغان بىخەتەرلىك رېجىمى ئىدى. بۈگۈن بولسا، خىتاي رەھبەرلىرى يۈز تونۇش، سۈنئىي ئەقىل، چوڭ بېرىگ **(Big data)** توپلاش ۋە شەخسنى تىزگىنلەيدىغان، بىر مەھەل سوۋېت رەھبەرلىرى تەرىپىدىن «يېڭى سوۋېت پۇقراسى بەرپا قىلىش» دەپ ئاتالغان قىلمىشنى ئۈلگە قىلغان ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى قاتارلىق تېخىمۇ زامانىۋىلاشقان يۇقىرى تېخنىكىلىق ھاكىممۇتلەق سىستېمىنى ۋۇجۇدقا چىقارماقتا. بۇ زور كۆلەملىك ساقچى ۋە ئىستىخبارات سىستېمىسى جورجى ئورۋېل **(George Orwell)** نىڭ **«1984»** ناملىق رومانىدىكى زۇلمەتلىك ھاكىممۇتلەق تۈزۈلمىنىڭ رېئال نۇسخىسىدۇر.

**2018** – يىلغا كەلگەندە، خىتاي مەملىكەت مىقياسىدىكى تەخمىنەن **200** مىليون دانە كۆزىتىش كامېراسىغا تايانغان يېڭى تېخنىكىلىق تىزگىنلەش سىستېمىسىنى روياپقا چىقاردى. بۇ كامېرالار ستولبىغا، كوچا چىراغلىرىغا، تورۇسلارغا، قاتناش چىراغلىرىغا، جۈملىدىن ھەممىلا يەرگە ئورنىتىلغانىدى. **2020** – يىلغا كەلگەندە، خىتاي ھاكىمىيىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك **5G** تېلېگراف تېخنىكىسىغا باغلانغان، شۇنداقلا سۈنئىي ئەقىل، چوڭ بېرىگ ۋە ماشىنىنىڭ ئۆگىنىشى (بۇ سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر، ت) قاتارلىق تېخنىكىلارغا تايانغان كۆزىتىش كامېرالىرىنىڭ سانىنى **626** مىليونغا كۆپەيتمەكچى بولدى.

ئۇلارنىڭ نىشانى **2020** – يىلغا بارغاندا دۆلەت مىقياسىدا، ھەممە يەرنى قاپلىغان، پۈتۈنلەي تورلاشقان، توختىماي ئىشلەيدىغان ۋە تامامەن كونترول قىلغىلى بولىدىغان ۋىدىيولۇق نازارەت تورىنى بەرپا قىلىش ئىدى.

ئاندىن خىتاينىڭ قاباھەتلىك ھاكىممۇتلەق كونترول سىستېمىسى ئۇلارنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە پۈتۈن دۇنياغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ ۋە يېيىلىدۇ.

خىتايدىكى بۇ كامېرالار سالاھىيەت بېكىتىش ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇسكۇنىلەرنىڭ سايىسىدە، ئالىلقاچان يۈز تونۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ بولدى. ساقچىلارغا كىشىلەرنىڭ چىرايىنى سكانىرلىيالايدىغان ۋە ئۇلارنى يۈز ئۇچۇرلىرى ھەققىدىكى چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ

تەكشۈرەلەيدىغان ئالاھىدە كۆزەينەك سەپلەندى. بىخەتەرلىك ساقچىلىرى يەنە كىشىلەرنى مېڭىش شەكلىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرەلەيدىغان كۆزىتىش تېخنىكىسىدىنمۇ پايدىلىنىدۇ. بۇ سىستېما خىتاينى كەلگۈسىدە (كوچىلاردا، بازارلاردا كېتىۋاتقان) نەچچە ئون مىليونلىغان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى (تېز سۈرئەتتە) ئېنىقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ.

خىتايدىكى بارلىق تېلېگراف شىركەتلىرى خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچقا، خىتايدىكى ھەرقانداق تېلېفون ھەرۋاقىت نازارەت قىلىنىش خەۋپى ئاستىدا.

قورقۇنچلۇق «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمى-سى» خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىلى ئۇنىمىغانلارنى نازارەت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇسۇلدۇر. بۇ خىتاي كومپارتىيەسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاكىمۇتلەقلىق تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەزكۇر «ئىشەنچ سىستېمىسى» بەزى جازا – مۇكاپاتلارغا تايىنىپ، بارلىق خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىش – ھەرىكەتلىرىنى كوممۇنىستىك قېلىپقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2014 – يىلىدىكى بىر ھۆججىتىدە خۇلاسىلەنگىنىدەك، مەزكۇر پروگراممىا «ئىشەنچلىكلەرنىڭ جاھان كېزىشىگە يول قويۇپ، ئىشەنچسىزلەرنىڭ بىر قەدەم ئېلىشىنىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ».

تۆۋىنى باج تاپشۇرماسلىقتىن تارتىپ، يۇقىرىسى خىتاي كومپارتىيەسىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى تەنقىدلەشكىچە، (خىتايدىكى) ئىجتىمائىي جىنايەتلەرنىڭ تۈرى خىلمۇخىل. پويىزدا تاماكا چېكىش ياكى ئەرمەك ھايۋانلارنى سىرتقا ئەچىققاندا بويىنغا تاسما باغلىماسلىقتەك ئۇششاق – چۈششەك ئىشلار يېنىك جىنايەتلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى كونترول قىلىش ئىشلىرى خىتاينىڭ دۆلەتلىك جامائەت ئىشەنچ ئۇچۇرى مەركىزى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدۇ، شۇنداقلا 2018 – يىلىدىكى ستاتىستىكىغا كۆرە، جەمئىي 23 مىليون ئادەم مەزكۇر سىستېمىدا «ئىشەنچسىز» دەپ بېكىتىلىپ، پويىز ياكى ئايروپىلان ئارقىلىق ساياھەت قىلىشى چەكلەنگەن. مەزكۇر مەركەزنىڭ باياناتىغا كۆرە، 17 مىليون 500 مىڭ خىتاي پۇقراسى ئۆزىنىڭ ناچار ئىجتىمائىي ئىشەنچ نەتىجىسى سەۋەبلىك ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋالالمايدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا بەش مىليون 500 مىڭ خىتاي پۇقراسىمۇ ئەينى سەۋەب تۈپەيلى پويىز بېلىتى سېتىۋالالمايدىكەن.

مەزكۇر دوكلاتتا بۇ پروگراممىدا «ئىشەنچىسىز دەپ قارالغۇچى ھەممىلا يەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ» دەپ خۇلاسىلەنگەن. خىتاي كومپارتىيەسىگە ئالاقىدار «ئىشەنچسىزلىك» كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئەسلىدىنلا چەكلىك ئەركىنلىكنى تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. مەسىلەن، ئىجتىمائىي ئىشەنچ كونترولى «ئىشەنچىسىز»لەرنىڭ سۇغۇرتا، مۇقىم مۈلۈك سېتىۋېلىشىنى ياكى پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشىنى چەكلەيدۇ. ئەگەر بىر شىركەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى نومۇرى «تۆۋەن» بولسا، بۇ شىركەتنىڭ مەلۇم بىر تۈرگە خېرىدار بولۇشى ياكى شىركەت زايومى تارقىتىشى چەكلىنىدۇ. نۆۋەتتە خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ مەزكۇر پروگراممىغا سۇنئىي ئەقىل ۋە چوڭ بېرىگ ئىقتىدارلىرىنى قوشۇشىدىن قارىغاندا، ئالدىمىزدىكى يىللاردا ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسىنىڭ پۇقرالار ئۈستىدىكى بېسىمى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

ئامېرىكانىڭ مۇئاۋىن پرېزدېنتى مايك پەنس (Mike Pence) ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ تېخنىكىلىق كونترولى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىق ياردىمى ئاستىدا، بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ۋە يولسىزلىشىپ كېتىۋاتقان مىسلىسىز «نازارەت دۆلىتى» توغرىسىدا توختالدى. خىتاينىڭ ئىنتېرنېتنى نازارەت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان «تور سەددىچىنى» خىتاي خەلقىنىڭ ئەركىن، ئوچۇق ۋە تەكشۈرۈلمىگەن خەۋەر ۋە ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بارغانسېرى ۋايىغا يەتمەكتە.

«خىتاي رەھبەرلىرى 2020 – يىلىغا بارغاندا، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى كونترول قىلىدىغان <ئىجتىمائىي ئىشەنچ نەتىجىسى> دەپ

ئاتىلىدىغان ئورۋېلچە سىستېمىنى يولغا قويماقچى» دېدى پەنس.

ئىلاھسىزلىق تەرغىباتچىلىرىدىن بولغان خىتاي كومپارتىيەسى دىنىي ئەركىنلىككىمۇ قاتتىق چەكلىمە قويماقتا. مۇسۇلمانلار، خىرىستىيانلار ۋە بۇددىستلار ئەڭ ئەقەللىي ئىبادەت ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنماقتا.

كانادا بىخەتەرلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر دوكلاتىدا دېيىلگىنىدەك، خىتاي كومپارتىيەسى ھازىر زامانىۋى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە زورايتىش جەريانىنى ئاپتوماتىكىلاشتۇرۇۋاتىدۇ. 2017 – يىلى ئېلان قىلىنغان، چوڭ بېرىگ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلەرنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى بولغان «جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش»قا ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلغان، «چوڭ بېرىگ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكەت پىلانى»دا بۇ نىشان ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەزكۇر سىستېما «تېخنىكىغا تايىنىپ، شەخسلەرنى ئۆزلىرىنى باشقۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ ۋە كۆندۈرىدۇ».

خىتاي رەھبەرلىرى مۇقىمسىزلىقتىن ئۆلگۈدەك قورقىشىدۇ. خىتايدا يۈز بەرگەن، ئەمما خەۋەر قىلىنمىغان نۇرغۇن كىچىك كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى خىتاي رەھبەرلىرىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ، چۈنكى بۇ خىل قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئىمپېرىيە دەۋرىدىن باشلاپلا ھاكىمىيەتنىڭ قولدىن كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلاتتى. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، «ئىمپېراتور»نىڭ تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، زور مىقداردىكى ساقچى، ھەربىي ۋە تېخنىكىلار يۇقىرىلارنى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىلمەكتە.

كانادا بىخەتەرلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، مەزكۇر «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى»نىڭ فۇنكسىيەسى خىتايلارنىڭ تەبىرىدىكى «شەخسىي مەسئۇلىيەت»نى ئاپتوماتىكىلاشتۇرۇپ، ھەربىر يۇقىرانى مۇقىملىقنى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا ياكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تولۇپ – تاشقان غەزىپىگە دۇچار بولۇشقا مەجبۇرلاشتۇر.

مەزكۇر دوكلاتتا شۇنداق دېيىلگەن: «سىياسىي بېسىم يېڭى نەرسە ئەمەس؛ مەسىلەن، <شىركەتلەر خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ياكى زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلمىدى> دەپ ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، تەيۋەن ياكى تىبەتنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى يەنە ھۆكۈمەتنىڭ قارار چىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ سىستېما يەنە ھۆكۈمەتنى چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ۋە ساياھەت قىلىۋاتقان يۇقىرىلارغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ» (1).

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشىنى خىتايدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق باستۇرۇشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىساللىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ھىندى – تىنچ ئوكيان ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى راندال شرىۋېر (Randall Schriver) 2019 – يىلى 5 – ئايدا «خىتاي كومپارتىيەسى بىخەتەرلىك كۈچلىرىنى ئىشلىتىپ، خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاۋاتىدۇ» دېدى. شرىۋېر ئۈچ مىليون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا سولانغانلىقىنى ئاشكارىلىدى ۋە (ھىتلېرنىڭ ناتسىست گېرمانىيەسى دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان) «لاگېر» دېگەن سۆزدىن يېنىشنى رەت قىلدى. «مەنچە، ئۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نىشانى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ (بۇ ھەقتىكى) ئاشكارا باياناتلىرى (لاگېر دېگەن) بۇ ئىسمىنى تولۇق قۇۋۋەتلەيدۇ» دېگەندى ئۇ.

مەزكۇر دوكلاتتا شۇنداق دېيىلگەن: «سىياسىي بېسىم يېڭى نەرسە ئەمەس؛ مەسىلەن، <شىركەتلەر خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ياكى زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلمىدى> دەپ ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، تەيۋەن ياكى تىبەتنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى يەنە

ھۆكۈمەتنىڭ قارار چىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ سىستېما يەنە ھۆكۈمەتنى چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ۋە ساياھەت قىلىۋاتقان پۇقرالىرىغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ» **(1).**

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشىنى خىتايدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق باستۇرۇشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىساللىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ھىندى – تىنچ ئوكيان ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى راندال شىرىۋېر **(Randall Schriver) 2019** – يىلى **5** – ئايدا «خىتاي كومپارتىيەسى بىخەتەرلىك كۈچلىرىنى ئىشلىتىپ، خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاۋاتىدۇ» دېدى. شىرىۋېر ئۈچ مىليون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا سولانغانلىقىنى ئاشكارىلىدى ۋە (ھىتلېرنىڭ ناتسىست گېرمانىيەسى دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان) «لاگېر» دېگەن سۆزىدىن يېنىشنى رەت قىلدى. «مەنچە، ئۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نىشانى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ (بۇ ھەقتىكى) ئاشكارا باياناتلىرى (لاگېر دېگەن) بۇ ئىسمنى تولۇق قۇۋۋەتلەيدۇ» دېگەنىدى ئۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان شەرقىي تۈركىستاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغان مۇسۇلمان خەلق. ئۇلار بۇ جەھەتتە بېسىۋېلىنغان ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغان تىبەتلەرگە ئوخشايدۇ.

خىتاي «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرى» دېگەن يالغان نامدا، بىر مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇرنى تۈرمىگە سولاپ، ئىنتايىن ۋەھشىي باستۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىدى. خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ باستۇرۇشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، **2016** – يىلى شەرقىي تۈركىستاندا سىلىقلاشتۇرۇلۇپ «ئومۇمىيۈزلۈك سالامەتلىك تەكشۈرۈش» دەپ ئاتالغان پىلانىنى باشلىدى. **2018** – يىلى **1** – ئايغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتتىن جەمئىي **53** مىليون **800** مىڭ كىشى بۇ ئاتالمىش «ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرۈش»كە قاتناشتۇرۇلدى. بۇ تەكشۈرۈش قان ئەۋرىشكىسى ئېلىش، يۈزنى ۋىدېيولۇق سىكانىرلاش، ئاۋاز تونۇش ئۈچۈن ئاۋاز ئەۋرىشكىسى ئېلىش ۋە بارماق ئىزى ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ (ئاتالمىش) سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە يۈرەك، بۆرەك قاتارلىق ئەزالار تەكشۈرۈلمەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە كەڭ كۆلەملىك بىيولوگىيەلىك نازارەت قىلىش پروگراممىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ ئوچۇق پاكىتىدۇر. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىدا ئىشلەيدىغان تەتقىقاتچىلار **DNA** ئەۋرىشكىسىنى توپلىغان ۋە ئامېرىكانىڭ ماساچۇسېتس شىتاتىدىكى، **DNA** نى تەھلىل قىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان «سېرمو فىشېر پەن – تېخنىكىسى» **(Thermo Fisher Scientific)** دېگەن شىركەت بىلەن ھەمكارلاشقانىدى. بۇ خىل ھەمكارلىق «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تەرىپىدىن ئاشكارىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، «سېرمو فىشېر» شىركىتى خىتاي ساقچى دائىرىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى توختاتقانىدى.

بۇنىڭدىن باشقا نازارەت قىلىش تەدبىرلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يانفونىغا ئىسلامىي ھالقىلىق سۆزلەرنى ۋە سۈرەتلەرنى بايقاشقا ئىشلىتىلىدىغان نازارەت قىلىش يۇمشاق دېتالىنى مەجبۇرىي قاچىلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**2000** – يىلى **3** – ئايدا، پرېزىدېنت بىل كلىنتون ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىغا ياردەم قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆپتۈرۈپ ماختاپ، مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا بولغان بىر كوممۇنىستىك دۆلەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دېموكراتىكلىشىش ۋە ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، دېگەنىدى. كلىنتون خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىنىڭ **2005** - يىلىغىچە ئۇچۇر تېخنىكىسى مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا، ئالاقە قوراللىرىنىڭ تېخىمۇ ئەرزان، سۈپەتلىك ۋە كەڭ قوللىنىلىدىغان بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. «ئىنتېرنېتنىڭ ئامېرىكانى قانچىلىك ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. شۇنداقلا، بىز ئاللىقاچان ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتكە ئايلاندۇق. ئۇنىڭ خىتاينىمۇ قانداق ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى تەسەۋ-

تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. شۇ تاپتا خىتاينىڭ ئىنتېرنېتنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى شەكسىز. مەن ئۇلارغا ئۇتتۇق تىلەيمەن! بۇ خۇددى مېۋە ئۇيۇتمىسىنى تامغا مىخلايمەن دېگەندەكلا بىر ئىش» دېگەنىدى ئۇ (2).

كىلىنتوننىڭ «ئىنتېرنېت تېخىمۇ مۇلايىم ۋە ئېچىۋېتىلگەن خىتايىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ» دېگەن مۆلچەرى تۈپتىن خاتا بولۇپلا قالماستىن، ئىنتېرنېت خىتايدىكى ھاكىممۇتلەق كونترولنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە ئۇلارنىڭ تور جاسۇسلۇقى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىرىنى زور مىقداردا ئوغرىلىشىغا سەۋەب بولدى. مېنىڭ 1999 – يىلى نەشر قىلىنغان «خائىنلىق» دېگەن كىتابىمدا ئاشكارىلانغىنىدەك، كىلىنتون ھۆكۈمىتى ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە ئاپەت خاراكتېرلىك خاتالىقلارغا سەۋەب بولدى.

مەسىلەن، كىلىنتوننىڭ پرىزدېنتلىق مەزگىلىدە، خىتاي بىلەن بولغان ئالەم بوشلۇقى ساھەسىدىكى چەكلىمىسىز ھەمكارلىق خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇشى بىلەن نەتىجىلەندى. مەزكۇر تېخنىكا ھازىر خىتاينىڭ ئامېرىكا شەھەرلىرىنى ۋە ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى ھەربىي بازىلىرىنى نىشانغا ئالغان زور مىقداردىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىغا ئىشلىتىلدى. بۇ ھەمكارلىقتا چېتىشلىق خيۇس ئېلېكترون شىركىتى (Hughes Electronics Corporation) ۋە لورال ئالەم بوشلۇقى ۋە ئالاقە چەكلىك شىركىتى (Loral Space and Communications Ltd) خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشچانلىقىنى (يەنى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ قويۇپ بېرىش سۈپىتىدىلا پارتلاپ كەتمەسلىكىنى، ت) ياخشىلىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىلىرىنى قانۇنسىز ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پەقەت ئايرىم – ئايرىم ھالدا 32 مىليون ۋە 13 مىليون دوللار جەرىمانە تۆلەپ قۇتۇلدى.

موتورولا شىركىتىمۇ كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئاستىدا، خىتايىنى بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق بىر قانچىلىغان ئوقبېشىنى قويۇپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكا بىلەن تەمىنلىگەن، نەتىجىدە 2017 – يىلىغا كەلگەندە خىتاينىڭ قورال – ياراغ ئامبىرىغا كۆپ ئوقبېشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بىر پارچە مەخپىي ئىستىخبارات مۆلچەرىدە موتورولا سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بەرگۈچىنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا سەپلىنىدىغان) كۆپ نىشانى نىشانلىيالايدىغان كۆپ ئوقبېشلىق قويۇپ بەرگۈچكە ئايلاندۇرۇلۇش مۇمكىنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى. خىتاينىڭ بارلىق ئەڭ يېڭى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىغا كۆپ ئوقبېشى سەپلەنگەن.

«خىتاينىڭ ئىنتېرنېت بىلەن قاپلىنىشى ئۇنى ئەركىن، دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ» دېگەن مۆلچەر تەلتۆكۈس خاتا چىقتى. ھازىر خىتاي ئامېرىكادىن ئېلىنغان تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئىنتېرنېتقا چەكلىمە قويۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي يەنە «ئىنتېرنېت ئىگىلىك ھوقۇقى» دېگەن نامدا ئىنتېرنېتقا بولغان كونتروللۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ كويىدا. خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش تۈزۈلمىسىنى، شۇنداقلا ۋەھشىي ساقچى دۆلتى تاكتىكىسىنى دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

خىتاي 1994 – يىلى تۇنجى قېتىم ئىنتېرنېتقا ئۇلاندى ۋە بۈگۈن ئۇلارنىڭ 800 مىليون ئەتراپىدا تور ئىشلەتكۈچىسى بار، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى (يانفون، يەد دېگەندەك) كۆچمە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق تورغا چىقىدۇ.

دېموكراتىيەنى ياقلايدىغان «ئەركىنلىك سارى-يى» تەشكىلاتى خىتاينىڭ تور ئارقىلىق ئەركىنلىكنى باستۇرۇش ۋە كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇش جەھەتتە دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. «ئەركىنلىك سارىيى»نىڭ ئىنتېرنېت ئەركىنلىكى ھەققىدىكى دوكلاتىنىڭ ئاپتورى ئادرىيان شاھباز (Adrian Shahbaz) بۇ ھەقتە: «دېموكراتىك دۆلەتلەر تېخىمۇ خەتەرلىك ۋە رىقابەتكە تولغان تور ساھەسىدىكى خىرىسلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندا،

بېيجىڭدىكى رەھبەرلەر رەقەملىك تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنماقتا» دېدى. خىتاي ئىنتېرنېت ئەركىنلىكىنى ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئادەم خىزمەت قىلىدىغان، كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسى بار.

خىتاينىڭ تېخنىكا شىركەتلىرى (دۇنيادىكى) خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياستىنى قوللىنىشقا ئىنتىلىدىغان مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەرنى تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى، ئىلغار چىراي تونۇش يۇمشاق دېتالى ۋە سانلىق مەلۇمات ئانالىز قوراللىرى بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. «رەقەملىك مۇستەبىتلىك <ئىنتېرنېت ئىنسانىيەت ئەركىنلىكىنىڭ موتورى> دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ پۇقرالارنى تېخنىكا ئارقىلىق كونترول قىلىدىغان يولى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا» دەيدۇ شاھباز.

خىتاينىڭ ئىنتېرنېت ئەركىنلىكىگە شەكىل-لەندۇرگەن تەھدىتى دۇنيا دۇچ كەلگەن ئەڭ ئېغىر ئەركىنلىك تەھدىتلىرىنىڭ بىرى ، شۇنداقلا ئەگەر بىز رەقەملىك دەۋرىمىزنى قوغداپ قالمىز ۋە ئۇنى ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈرۈپ قويمايمىز دېسەك، چوقۇم بۇ تەھدىتكە جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك.

خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق باستۇرۇشىنىڭ يادرولۇق تەركىبىدىن بىرى خىتاينى ئىنتېرنېت دېڭىزىدىكى بېكىك «ئارال»غا ئايلاندۇرغان «ئىنتېرنېت سەددىچىنى»دۇر. مەن **2018** – يىلى خىتايغا بارغاندا گۇگېلنىڭ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئالاقە ماگناتلىرىدىن فېيسبوك ۋە تىۋىتىرلارنىڭ چەكلىۋېتىلگەنلىكىنى بايقىغانىدىم. بۇ ئۈچ تور بەت ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نەچچە يۈز مىليونلىغان كىشى ئالاقە ۋە ئۇچۇر ھەمبەھىرلىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق سۇپىدۇر. بۇنىڭدىن خىتاينىڭ ئۆز پۇقرالىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقاتلىرى بىلەن تولغان، ئۇچۇرلار قامال قىلىنىدىغان، ئۇلارنى ئەركىن – ئازاد پىكىر قىلىش ۋە ئوچۇق – ئاشكارا ئالاقە قىلىشتىن مەھرۇم قىلىدىغان تور سىستېمىسىغا تايىنىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقانلىقى شەكسىز.

يەن - تېخنىكا ماگناتى گۇگېل خىتاي بىلەن بول-غان مۇناسىۋەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن: دەسلەپتە، يەنى **2010** – يىلى خىتاي ھەربىي خاككېرلىرى گۇگېلغا ھۇجۇم قىلىپ، قىممەتلىك مەنبە كودىنى ئوغرىلىۋالغاندا، گۇگېل بۇ ئىشتىن غەزەپكە كەلگەن بولسا، كېيىنچە ئۇ بېيجىڭ ھاكىمىيىتى بىلەن ئۇششۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈچۈن گۇگېل ئىزدەش ماتورىنىڭ تەكشۈرۈلگەن نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئاكتىپ ھەمكارلىق ئورناتقان. گۇگېل ئىزدەش ماتورىنىڭ «يىڭناغۇچ» **(Dragonfly)** دەپ ئىسىم قويۇلغان تەكشۈرۈلگەن نۇسخىسى ئامېرىكا شىركىتىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىنى ۋە ئوچۇق – ئاشكارا ئالاقىنى چەكلەش جەھەتتە مۇستەبىت كوممۇنىست ھاكىمىيەت بىلەن ئېغىز – بۇرۇن يالاشقانلىقىنىڭ ئەڭ نومۇسلۇق مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

**2009** - يىلى باھاردا، بىر گۇرۇپپا كومپيۇتېر خاككېرلىرىنىڭ خىتاي ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاينىڭ جەنۇبىدا شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدا ئۇچۇر دەۋرىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە ئۇنۇملۇك كومپيۇتېر ھۇجۇملىرى قوزغىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، گۇگېلنىڭ بۇ خىل تەلتۆكۈس ئۆزگىرىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مەزكۇر خاككېرلار گۇرۇپپىسى گۇگېلنى نىشانغا ئالغان بولۇپ، گۇگېلنىڭ ئىزدەش ماتورىدا ھەر كۈنى مىليارد قېتىملاپ ئۇچۇر ئىزدىلىدۇ، بۇنىڭدىن زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇمات ۋە ئۇچۇرلار شەكىللىنىدۇ، بۇ ھازىرمۇ كالىفورنىيەدىكى كرېمنىي جىلغىسىغا جايلاشقان بۇ شىركەتنىڭ يېڭى سودا لىنىيىسىگە كىرگۈزۈلمەكتە. ئەلۋەتتە، (شۇ قېتىملىق خاككېرلىق ھۇجۇمىدا) نىشانلانغۇچى يالغۇز گۇگېللا ئەمەس ئىدى – يۇ، لېكىن ئۇ ئامېرىكىدىكى يىگىرمىدەك يۇقىرى تېخنىكا شىركەتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان، كېيىنچە «قۇتۇپ نۇرى ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان ئاشۇ تور ھۇجۇمىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇ قېتىملىق ھەرىكەتكە قاتناشقان خاككېرلار گۇگېلنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرىغا ۋە باشقا شىركەت مەسئۇللىرىغا ئېلخەت يوللاش ۋە تېلېفون قىلىش ئارقىلىق، ئۆز نىشانلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان ۋە ئۇلار قارىتا «ئىجتىمائىي ئىنژېنېرلىق» ( ئىجتىمائىي

ئىنژېنېرلىق ـــ نورمال ئالاقە ئارقىلىق باشقىلارنىڭ پىسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىشىغا ياكى مۇئەييەن قارارلارنى چىقىرىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ، ت) قىلغان كەسپىي خادىملار ئىدى. بۇ خاككېرلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، قارىماققا ئەرزىمەستەك كۆرۈنىدىغان، شىركەت ئەمەلدارلىرىنىڭ تېرمىنالدا ئىشلىگەن ۋاقتى ۋە تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ھېچكىم يوق ئەھۋالدا كومپيۇتېرنى ئوچۇق قويۇپ قويىدىغان ۋاقىتلىرى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى ئىگىلەش ئىدى.

بۇ ئۇچۇرلار خىتاي ئارمىيەسىنىڭ «تور جەڭچىلىرى»، يەنى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇش قىسمى تەرىپىدىن توپلانغانىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى **1990** – يىللاردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ مەخپىي ھەربىي «ئۇچۇرلاشتۇرۇش» قىسمىدا مىڭلىغان كومپيۇتېر ئالىملىرىنى تەشكىللىگەن ۋە تەربىيەلىگەنىدى. مەزكۇر قىسىم دۈشمەن كومپيۇتېر تورى ۋە ئۇل ئەسلىھەلىرىگە ئالاقىدار ئاخبارات توپلاش ھەمدە ئامېرىكىغا قارشى تور ئۇرۇشى قوزغاشقا تەييارلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ خىل تور ئۇرۇشى خىتاي نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى تەكرارلاپ كەلگەن «ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشتىن يانمايمىز» دېگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا پارتلىشى مۇمكىن.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى مىكروسوفت تور كۆرگۈچىنىڭ **6.0** نۇسخىسىنىڭ يۇمشاق دېتال كودىنى تەشكىل قىلغان مىليونلىغان «**0**» ۋە «**1**»نىڭ ئارىسىدىن ئۆزگىچە ۋە كۆپ پايدا ئالغىلى بولىدىغان يوشۇرۇن بىخەتەرلىك يوچۇقنى بايقىغان. مەزكۇر تور كۆرگۈچنى گۇگېل ۋە باشقا شىركەتلەر كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتەتتى. خىتاي خاككېرلىرى مىكروسوفت تور كۆرگۈچنىڭ **6.0** نۇسخىسىدا بايقىغان يوچۇقنى خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىنىڭ «بەيدۇ» دېگەن يېڭى تور كۆرگۈچنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۇرۇنۇشى جەھەتتىكى غايەت زور بۆسۈش دېيىشكە بولىدۇ. بەيدۇ گۇگېلنىڭ خىتايدىكى رىقابەتچىسى ئىدى،

لېكىن ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق كونترول قىلىش ئىقتىدارى خىتاينىڭ كوللېكتىپ دىكتاتۇرا ھاكىمىيىتىنى چەتئەلدىن كىرىدىغان، دېموكراتىيە ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلىدىغان ئۇچۇر ۋە ئىدىيەلەرنى توسۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى.

خىتاي گۇگېل ئىزدەش موتورىنى بۇ قەدەر ئۈستۈن سەۋىيەگە چىقارغان ۋە ئۇتۇق قازاندۇرغان ئەڭ سەزگۈر پاتېنتلىق ئۇچۇرلارنى ئوغرىلىغاندىن سىرت، يەنە خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ **Gmail** (گۇگېلنىڭ ئېلخەت مۇلازىمىتى) ھېساباتىغىمۇ خاككېرلىق قىلغان.

گۇگېل شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتېرنېتتىكى مەزمۇنلارنى تەكشۈرۈشىگە ياردەم بېرىدىغان، ئالاھىدە ھېسابلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئالاھىدە ئىزدەش موتورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە مەخپىي قوشۇلۇش ئارقىلىق خىتايغا قايتىشنى قارار قىلدى.

بۇ شىركەت خىتاي بازىرىغا كىرىشكە شۇنچىلىك تەلپۈنگەنكى، گۇگېل ئىزدەش موتورىنىڭ خەتەرلىك دەپ قارالغان تور بەتلەرنى ۋە كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، دىن ۋە تىنچ نامايىش قاتارلىق ئىزدەش ئاتالغۇلىرىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزەلەيدىغان نۇسخىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا رازى بولغان. گۇگېلنىڭ بۇ ئىشى «يىڭناغۇچ» دېگەن مەخپىي ناملىق پروجېكت سۈپىتىدە **2018** – يىلى **8** - ئايدا مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلايدىغان «**Intercept**» توردا ئاشكارىلانغان. پروگراممېرلار بۇ جەھەتتە «ماۋتەي» ۋە «لوڭفېي» دېيىلىدىغان ئاندىرويىد ئەپ (**APP**)لىرىنى ياساپ چىققان ۋە بۇ ئەپلەرنى **2019** – يىلى ئېلان قىلغان. شىركەت ئىچىدە مەخپىي تۇتۇلغان بۇ پروجېكت ھەققىدىكى مەخپىي ھۆججەتلەرنى گۇگېلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر خادىم ئاشكارىلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن چوڭ شىركەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز خەلقىگە زۇلۇم قىلىشىغا يانتاياق بولۇشىغا قارشى، مەن بۇ جەھەتتە ئوچۇق – ئاشكارا بولۇش ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن دەپ قارايمەن. خىتايدا قىلىنغان ئىشلار باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئۆرنىكىگە ئايلىنىشى مۇمكىن».

گۇگېل شىركىتىنىڭ بەش يۈزگە يېقىن خىزمەتچىسى گۇگېلدا ئىشلەيدىغان نۇرغۇن

خىتايلار تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سەپەرۋەرلىك پائالىيىتىدە، «يىڭناغۇچ» پروجېكتىنى قوللاش خېتىگە ئىمزا قويىدى، شۈبھىسىزكى بۇ پائالىيەت گۇگېل شىركىتى بۇ پروجېكت سەۋەبلىك دۇچ كەلگەن بېسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. «TechCrunch» توربىدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر قوللاش خېتىدە «<يىڭناغۇچ> پروجېكتى گۇگۇلنىڭ دۇنيانىڭ ئۈچۈرلىرىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنى ھەممە ئادەم ئېرىشەلەيدىغان ۋە پايدىلىق قىلىش بۇرچىغا <تولىمۇ ماس كېلىدۇ>» دېيىلگەن. لېكىن، ئۇشبۇ خەتتە توردىكى پىكىر ئەركىنلىكىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر دەرىجىدە چەكلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان كوممۇنىستىك خىتايدا ئۈچۈرلارنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىزدەش موتورى ياسىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان.

«يىڭناغۇچ» پروجېكتىنى تەنقىدلىگۈچىلەر يالغۇز گۇگېلنىڭ خىزمەتچىلىرىلا ئەمەس ئىدى. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىر قانچە ئەزاسى گۇگېل شىركىتىنىڭ خىتاينىڭ زۇلمىغا يانتاياق بولغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. مۇئاۋىن پرېزىدېنت مايك پەنس بىر قېتىملىق سۆزىدە گۇگېلدىن «يىڭناغۇچ» پروجېكتىنى قوللاشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ: «بارغانسېرى كۆپلىگەن شىركەت خوجايىنلىرى خىتاي بازىرىغا كىرىشتىن ئاۋۋال، (بۇرنىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرمەي) كېلەركى پەسىلدىن ھالقىپ ئويلىنىۋاتىدۇ، ئەگەر خىتاي بازىرىغا كىرىش ئۇلارنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئوغرىلىنىشىدىن ياكى بېيجىڭنىڭ زۇلمىغا يانتاياق بولۇشتىن دېرەك بەرسە، ئۇلار بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ ئويلىنىۋاتىدۇ. لېكىن تېخىمۇ كۆپ شىركەت بۇ ئېقىمغا ئەگىشىشى كېرەك. مەسىلەن، گۇگېل خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۈچۈر تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ۋە خىتايدىكى خېرىدارلىرىنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىگە زىيان سالىدىغان <يىڭناغۇچ> ئەپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دەرھال توختىتىشى كېرەك» دېگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، گۇگېل شىركىتىدىن ئاشكارىلانغان تېخىمۇ كۆپ ئۈچۈرلار مەزكۇر تېخنى- كا ماگناتىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارە مۇناپىقلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. (خىتايلار ئۈچۈن ياسالغان) تەكشۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە مەخپىي ئىزدەش موتورى ئاشكارىلىنىشتىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى، گۇگېل تور سودىسى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى دىيان گرېن (Diane Green) گۇگېلنىڭ ئۆز شىركىتىدىكى لىبېرال، ئامېرىكاغا قارشى خىزمەتچىلىرىنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ «ماۋېن پروجېكتى» بىلەن تۈزۈشكەن، سۈنئىي ئەقىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك توختامنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 2018 – يىلى 10 – ئايدا، گۇگېلنىڭ يۇمشاق دېتال ياسىغۇچىلىرى بىلەن ئىزدەش ماتورىنىڭ مەسئۇلى بېن گومېس (Ben Gomes) ئارىسىدىكى شەخسىي ئۈچرىشىش خاتىرىسىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇ «كېيىنكى مىليارد ئابونتنى جەلب قىلىش ئۈچۈن» دېگەننى باھانە قىلىپ، گۇگېلنىڭ خىتايغا قايتا كىرىشنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان. گومېس بىر قانچە قېتىم ئىشچىلارغا «يىڭناغۇچ» پروجېكتىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە شۇ قېتىمقى يىغىلىشقا كەلگەنلەرگە «بىز سىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، كەسپىي ھاياتىڭلارنىڭ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز» دەپ كاپالەت بەرگەن. بۇ «يىڭناغۇچ» پروجېكتىنىڭ بەس - مۇنازىرە قوزغىغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى. گومېس يەنە خىتاينىڭ يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، لېكىن بۇنداق قىلىش خىتاينىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. نۆۋەتتە خىتاينىڭ قولىدا بار بولغان تېخنىكىلارنىڭ كۆپىنچىسى يا كەڭ كۆلەملىك تور – ئىقتىساد جاسۇسلۇقى ئارقىلىق، ياكى سودا ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەيدىغان چەتئەل شىركەتلىرىنى سېتىۋېلىشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن. «خىتاي بىزگە بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. سىز بۇ ئىشنى قىلغاندا، خىتايدىكى شىركەتتىكىلەرنىڭ ۋە باشقا جايدىكىلەرنىڭ ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارغا دىققەت قىلىشى بىز گۇگېلدىكىلەر ئۈچۈن خىتايدىلا ئەمەس، بەلكى

باشقا جايلاردىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز زور قىممەتكە ئىگە» دەيدۇ ئۇ.

بۇ مەسىلە 2018 – يىلى 12 - ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە يېتىپ كېلىپ، گۇگۇلنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى سۇندار پىچاي (Sundar Pichai) ئاۋام پالاتاسى ئەدلىيە كومىتېتىدا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشتى. مەزكۇر يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى خىتاي ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى ئاستىدىكى، نارازىلىقتا تولغان شەرقىي تۈركىستاندا «ئىسلامىي تېرورىزم»غا قارشى تۇرۇش باھانىسىدە بىر مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنى لاگېرلارغا سولىۋالغان بىر پەيتكە توغرا كەلگەنىدى. ئۇيغۇرلار تېرورچى ئەمەس ئىدى – يۇ، تېرورچىلاردەك مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتاتتى. شۇنداقلا غەربتىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە ئاساسلىق خەۋەر تاراتقۇلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنى بىسەرەمجان قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى بىر قانچە ئايغىچە كۆرمەسكە سالغانىدى. بىر قېتىملىق خىزمەتچىلەر يىغىنىدا گۇگېل شىركىتىدىن «دونالد ترامپنىڭ 2016 – يىلى پرىزدېنتلىققا سايلىنىشى گۇگېلنىڭ قىممەت قارىشىغا ماس كېلەمدۇ يوق؟ گۇگېل شىركىتى (ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى) YouTube تورىدا كونسېرۋاتىپلارنى جىمىقتۇرامدۇ - يوق؟» دېگەن سوئاللارنىڭ سورالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، پىچايدىن گۇگېلنىڭ سىياسىي خاھىشى ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن سوئاللار سورالدى.

گۇگۇلنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى «مەڭگۇ خىتاي ئۈچۈن <يىڭناغۇچ> سىستېمىسىنى ياساپ بەرمەسلىك» ھەققىدە ۋەدە بەرگىلى ئۇنىمىدى. لېكىن، ئۇ گۇگېل شىركىتىنىڭ «خىتايغا كىرىش پىلانى يوق»لۇقىنى تەكرار تەكىتلىدى. پىچاي « يىڭناغۇچ» سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى پۈرىتىپ ئۆتتى ۋە «گۇگېل خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن <يىڭناغۇچ> سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە سۆھبەتلىشىۋاتامدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى تارتتى. «نۆۋەتتە، بىز بۇنى پەقەت ئىچكى قىسمىدا قىلىۋاتىمىز، بۇ ئىشنى خىتايدا قىلمىدۇق» دېدى ئۇ. پىچاي گۇگېلنىڭ خىتاي ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىزدەش موتورى ياساپ بېرىشنى رەت قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئابونتلارنى ئۈچۈر بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىمىز بار، شۇڭا بىز ھەمىشە... ئابونتلارنى ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرۈش ھەققىدە ئىزدىنىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز دەپ قارايمىز. ھەمدە سىلەرگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، مەن ئاشۇنداق ۋەدە بەرگەن. لېكىن سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بۇ توغرىسىدا ئىلگىرىمۇ ئېيتقىنىمدەك، بىز بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ئويلىشىپ ئىش قىلىمىز، شۇنداقلا ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەندە، كەڭ كۆلەمدە ئىشتىراك قىلىمىز».

گۇگۇل (شۇ قېتىملىق) ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا بىر ئەندىزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، مەسىلىگە چېتىلغان كىشىلەرنىڭ سانى يۈزدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

دۇنياۋى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلايدىغان «Intercept» تورىنىڭ 2019 – يىلى 3 – ئايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، گۇگېلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھېلىقى ئۇچۇر مەنبەسى خىتاي ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىزدەش موتورى ياساشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. «يىڭناغۇچ» يۇمشاق دېتالىنىڭ كودىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى مەزكۇر پروجېكتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئاشكارىلاندى. بۇ يۇمشاق دېتال كودى 2 – ئايدا، يەنى پىچاي تالاش – تارتىشقا سەۋەب بولغان بۇ پروگراما ھەققىدە (دۆلەت مەجلىسىدە) گۇۋاھلىق بېرىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆزگەرتىلگەنىدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن كېيس روسفۇس (Keith Rothfus) ئىزدەش موتورى مەسىلىسىدە پىچايغا سوئال قويغان. ئۇ «گۇگېل ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنى <رەزىللىك قىلما، توغرا ئىش قىل> دېگەن نەپىس، ئۇلۇغۋار بايانلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ» دېگەن ۋە گۇگېلنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ غايىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

روسفۇس يەنە شۇنداق دېگەن: «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز خەلقىنى باشقۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان قاتتىق

مۇستەبىتلىك نەچچە ئەۋلادتىن بېرى دۇنيانىڭ ئەندىشىسىنى قوزغاپ كەلدى. مەن **1989** – يىلى **6** – ئاينىڭ دەسلەپىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى كۆنلەرنى ھازىرقىدەك ئەسلىيەلەيمەن. ھازىر بىز خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنى، خىرىستىيانلارنى ۋە فالۇنگوڭچىلارنى باستۇرغانلىقى ھەققىدە يېڭى دوكلاتلارنى ئاڭلاۋاتىمىز. خىتايدىكى ئېتىقادلىق كىشىلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى دۇنيادىكى ھەركىم، جۈملىدىن سىزنىڭ شىركىتىڭىز كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر».

**2010** – يىللارنىڭ باشلىرى خىتايدىكى تور ئابونتلىرى ئۈچۈن نىسبەتەن ئەركىن مەزگىل بولغانىدى، ئۇلار تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ئوچۇق – ئاشكارا، جۇشقۇن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەمىشە خىتايدىكى «مىكروبىلوگ» دېيىلىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە تاراتقۇلىرى ئارقىلىق نامسىز ھالدا خىتاي رەھبەرلىرىنى، ھەتتا كوممۇنىستىك سىستېمىنى تەنقىدلەشكەنىدى. ئەينى چاغدا، **2012** - يىلى **2** - ئايدا ۋاڭ لىجۈننىڭ خىتايدىن يۇز ئۆرۈپ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا كىرىۋالغانلىقىغا، شۇنداقلا چوڭچىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، يېڭىچە ماۋ زېدوڭ ئىدىيەسىنىڭ تەرغىباتچىسى بو شىلەينىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شەكىلدە ھوقۇقتىن ئايرىلىشىغا چېتىشلىق رەھبەرلىك كرىزىسى قاتارلىق چەكلەنگەن مەزمۇنلار توغرىسىدىكى ئىنكاس، سۈرەت ۋە سىنلارنى يوللاشتا خېلىلا كەڭرىچىلىك بار ئىدى.

**2013** – يىلى **3** – ئايدا، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئوچۇق مەنبە مەركىزى **2012** - يىلى خىتايدىكى تور ئابونتلىرى مۇزاكىرە قىلغان ھەر خىل تېمىلارنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تەپسىلىي گرافىك ئېلان قىلدى. خىتاي تور ئابونتلىرى پىكىر بايان قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۇپا، تىۋىتتېرغا ئوخشاپ كېتىدىغان، خىتايدا بەكلا تونۇلغان مىكروبىلوگ «سىنا بىلوگى»دۇر. ئۇنىڭدىن قالسا **QQ** مىكرو بىلوگى، ئۈچىنچىسى شۇ چاغدا **200** مىليوندىن ئارتۇق ئابونتى بار ئۈندىداردۇر. مەسىلەن، خىتاي تور ئابونتلىرى **2012** – يىلى **9** – ئايدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بولغۇسى ئالىي رەھبىرى شى جىنپىڭنىڭ سىرلىق ھالدا يوقاپ كەتكەنلىكى ھەققىدە بەس – مۇنازىرە قىلىشقان، ئەينى چاغدا شى جىنپىڭ بىر قانچە كۈنگىچە جامائەتچىلىككە كۆرۈنمىگەن ۋە شۇ چاغدىكى ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ھىلارى كىلىنتون بىلەن ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان كۆرۈشۈشكە قاتناشمىغانىدى. بۇ «غايىب بولۇش»نىڭ سەۋەبى توغرىسىدا، توردا «سىياسىي سۇيىقەست»، «كېسەللىك» ياكى «ماشىنا ۋەقەسىدە يارىلىنىش» دېگەندەك خىلمۇخىل پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. يەنە بىر خىتاي تور ئابونتى نامسىز ھالدا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تالاش – تارتىش قىلىنىۋاتقان ۋۇدى **(Woody)** ئارىلىغا خىتاينىڭ **YJ-62** تىپلىق، پاراخوتقا قارشى ئىلغار باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۈرىتىنى تورغا چىقارغانىدى.

خىتايدىكى ئىنتېرنېت ئىشلىتىش نىسبىتى بارغانسېرى ئۆرلەپ، **2015** - يىلىغا كەلگەندە، خىتاي دائىرىلىرى تۆۋەندىكى ستاتىستىكىلارنى ئېلان قىلدى: خىتايدا تۆت مىليون تور بېكەت، **700** مىليونغا يېقىن ئىنتېرنېت ئىشلەتكۈچىسى، **1** مىليارد **200** مىليون يانفون ئىشلەتكۈچىسى، **600** مىليون ئۈندىدار ۋە مىكروبىلوگ ئابونتى بار بولۇپ، بۇلار كۈنىگە جەمئىي **30** مىليارد پارچە ئۇچۇر پەيدا قىلىدۇ. بەزىلەر: بۇنچە كۆپ ئادەم تور ئىشلەتكەن ئەھۋالدا، خىتاي بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ ئىنتېرنېتنى تەكشۈرۈپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، دېيىشكەندى، ئەمما خىتاي ھازىر شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.

مارگارېت E روبېرتس **(Margaret E Roberts)** ئۆزىنىڭ **2018** - يىلىدىكى «تەكشۈرۈلۈش: خىتاينىڭ تور سەددىچىنى ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە بۆلۈنۈش» ناملىق كىتابىدا شۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: خىتاي **2010** – يىلىنىڭ بېشىدا، تېخنىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق گۇگېلنى خىتايدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان، شۇنداقلا بۇ جەرياندا چوقۇم **2009** – يىلىغىچە بىر قانچە يىل داۋاملاشقان، ئوغرىلانغان مەنبە كودلىرى ئارقىلىق

قىلىنغان خاككېرلىق ھەرىكەتلىرىگە تايانغان. خىتاينىڭ تېخنىكىلىق قىسىملىرى **«Google.cn»** دېگەن تور بەتنى، يەنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئىزدەش موتورىنى راۋان ئىشلىمەيدىغان قىلىپ قويغان، ئۇلار بۇ تور بەتنى تامامەن چەكلىۋەتمەستىن، ئۇنى بەكلا ئاستىلىتىۋەتكەن ۋە پەقەت ئەينى چاغدىكى ئىزدەش نەتىجىسىنىڭ **75** پىرسەنتىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدىغان قىلىپ قويغان، نەتىجىدە تېز سۈرئەتتە ئۇچۇر ئىزدەشنى ئويلايدىغان ئابونتلار ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن ياكى مەۋھۇم مەخسۇس تور **(VPN)** ئارقىلىق «تور سەددىچىنى»دىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۆزىگە لازىملىق مەزمۇنلارنى ئىزدىگەن. مەۋھۇم مەخسۇس تور ئىشلىتىش گۇگېل تور بېتىنىڭ تەكشۈرۈلمەيدىغان نۇسخىسىنى ئىشلىتىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. روبېرتسنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي ھەر بىر ئادەمگە قارىتا تەپسىلاتلار كونترول قىلىنىدىغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ تەبىرىدىكى «كۆپ تۆشۈكچىلىك تەكشۈرۈش» ئۇسۇلىنى قوللانغان.

«دەرۋەقە، خىتاي ھۆكۈمىتى يولغا قويغان كۆپ قىسىم تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى چەكلىمە ئەمەس، بەلكى ئۇچۇرلاردىن <باج> ئېلىش دېيىشكە بولىدۇ. يەنى ئەگەر خىتايدىكى ئابونتلار تەكشۈرۈشتە سۈزۈۋېلىنغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشمەكچى بولسا، پۇل تۆلەشكە ياكى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ» دەيدۇ ئۇ **(3)**.

شى جىنپىڭ **2015** - يىلى خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى ۋۇجېن بازىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا خىتاينىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىنتېرنېت ھەققىدىكى قاباھەتلىك تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يىغىنغا رۇسىيە رەھبىرى دىمىترى مېدۋېدېۋ قاتارلىق بىر قانچە دۇنيا رەھبەرلىرى ۋە بىر تۈركۈم ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى رەھبەرلەر قاتناشتى. شى جىنپىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ جەمئىيەتنى قانداق ئۆزگەرتىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئىنتېرنېتنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىرىدىكى «باشقۇرۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى» ۋە تەرتىپسىزلىكتىن ئىبارەت پايدىسىز تەرەپلىرىنى تىلغا ئالدى. «ئوخشىمىغان دۆلەتلەر بىلەن رايونلار ئارىسىدىكى ئۇچۇر ھېڭى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ، تور بوشلۇقىنى تەڭشەش ۋە باشقۇرۇشنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى كۆپىنچە دۆلەتلەرنىڭ ئارزۇسى ياكى مەنپەئەتىنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرمىگەن» دېدى ئۇ. ئەمما ئۇ ئۆز زېمىنىدا، «ئىگىلىك ھوقۇقى» دېگەن ئۇقۇمنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق توردىكى پائالىيەتلەرنى كونترول قىلماقچى بولۇۋاتقان دۆلەتنىڭ دەل خىتاينىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمىدى. ئۇ «دىئالوگ ۋە ھەمكارلىق»نى كۈچەيتىپ، «دۇنيادىكى ئىنتېرنېتنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش»كە چاقىرىق قىلدى.

خىتاي كومپارتىيەسى توردا ئەركىن پىكىر بايان قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار **1990** - يىللىرىدىن باشلاپ، بارلىق مەزمۇن ۋە ماتېرىياللارنى، جۈملىدىن ئېلخەت، يازما، ۋىدىيو، بىلوگ، تور بەت قاتارلىق ھەرقانداق رەقەملىك ۋە ئېلېكترونلۇق ماتېرىيالنى قەتئىي بوشاشماي كونترول قىلىپ كەلدى. بۇ بىر مۇشكۈل ئىش، شۇنداقلا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى دۇچ كەلگەن خىرىستۇر.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان، توردىكى ئەسلىدىنلا چەكلىك پىكىر ئەركىنلىكىگە تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمە قويدى. ئاسىيا مۇتەخەسسىسى ئېلىزابېت **C** ئېكونومى **(Elizabeth C. Economy)** ئۆزىنىڭ «ئۈچىنچى ئىنقىلاب: شى جىنپىڭ ۋە يېڭى خىتاي دۆلىتى» ناملىق كىتابىدا شۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: شى جىنپىڭ تەختكە چىققانغا قەدەر، خىتايدىكى تونۇلغان تور ئابونتلىرى دادىل ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىپ، ئون مىليونلىغان ئەگەشكۈچىلەرنى جەلپ قىلغانىدى. «پىكىرلار توردا بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەۋھۇم مۇراجىئەتنامە ۋە جىسمانىي نامايىشلارنى تەشكىللەش ئارقىلىق، دائىرىلەرنى قىلمىشلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتاتتى، ئەمما شى جىنپىڭ ئوچۇق - ئاشكارىلىققا ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگە خاتىمە بەردى» دەيدۇ ئۇ.

ئىكونومى يەنە شۇنداق دەيدۇ: « شى جىنپىڭغا نىسبەتەن مەۋھۇم دۇنيا بىلەن رېئال دۇنيانىڭ پەرقى يوق: ھەر ئىككىسى ئوخشاش سىياسىي قىممەت قارىشىنى، غايە ۋە ئۆلچەمنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى توردىكى مەزمۇنلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن، تېخنىكىلارنى يېڭىلاشقا مەبلەغ ئاجراتتى، شۇنداقلا قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان مەزمۇنلارغا ئائىت يېڭى قانۇنلارنى ماقۇللىدى ۋە يېڭى چەكلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالىدى» (4).

شى جىنپىڭ كومپارتىيىنىڭ داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە خەتەرلىك دەپ قارالغان، توردىكى بارلىق گەپ - سۆز ۋە ئالاقىنى چەكلەشنى دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى.

غەربنىڭ «ئىنتېرنېت ھەرۋاقىت ئۇچۇرلار ئەركىن تارقىلىدىغان جاي بولۇشى كېرەك» دېگەن چۈشەنچىسىگە زىت ھالدا، چەتئەللىك مەزمۇن تەمىنلىگۈچىلەر شى جىنپىڭنىڭ ئىدىيۋى ھۆجۈمى ئاستىدا (خىتايدىن) قوغلاپ چىقىرىلدى. خەلقئارادا بولسا، خىتاي ئۆزىگە مۇۋاپىق ۋە ماس كېلىدىغان ماتېرىيال دەپ قارىغان نەرسىلەرنى كونترول قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شى جىنپىڭنىڭ قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان «خىتاي تورى» خىتايچە كوممۇنىزم بىلەن بىللە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوللىنىشى ئۈچۈن، ئۆرنەك سۈپىتىدە دۇنياغا سۇنۇلماقتا.

2015 – يىلى خىتاينىڭ تور سەددىچىنىدىن مەۋھۇم مەخسۇس تور (VPN) ئارقىلىق ئارتىلىپ ئۆتىدىغانلارغا بولغان كونترولنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خىتايدا مەۋھۇم مەخسۇس تور (VPN) ئىشلىتىش چەكلەندى. شۇنداقلا يەنە شۇ يىلى، خىتاي «چوڭ زەمبىرەك» دەپ ئاتىلىدىغان، ئىنتېرنېتتىكى مەزمۇنلارنى تەڭشەش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە تېخنىكىلىق قورالنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

مەزكۇر كىتاب يېزىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەڭ كەڭ كۆلەملىك مۇلازىمەتكە توسقۇنلۇق قىلىش ھۆجۈمى 2015 - يىلى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، خىتاي مەزكۇر ھۆجۈمدا سان فىرانسىسكوغا جايلاشقان GitHub تورىنى ئېلېكترونلۇق بومباردىمان قىلغانىدى. GitHub ئوچۇق كودلۇق ۋاكالەتچىلىك مۇلازىمىتى بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا خىتاينىڭ ئۇدا بەش كۈنلۈك، سېكۇنتىغا 1.35 تېرابايتلىق (بىر تېرابايت = 1024 گىگابايت [GB]، ت)، كەڭ كۆلەملىك تور ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. بۇ ئېلېكترونلۇق «كەلكۈن» مەزكۇر شىركەتنى پالەچلەندۈرۈپ قويغان. خىتاينىڭ بۇ ھۇجۇمنى قىلىشتىكى مەقسىتى Github نى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ۋە خىتاينىڭ تور سەددىچىنىدىن ئارتىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان «Greatfire.org» تورىنىڭ خىتايچە سەھىپىسىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇرلاش ئىدى.

شى جىنپىڭ يەنە «ئىنتېرنېت مەزمۇنى ھەققىدىكى يەتتە ئۆلچەم»نى يولغا قويدى، بۇ ئۆلچەملەر «سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئۆلچىمى»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ خىتايدىكى بارلىق ئىنتېرنېت مەزمۇنىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇ ئۆلچەمگە بىنائەن، مىكروبىلوگ ئۇشبۇ قاتتىق بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېساباتتىن يۈز مىڭنى تاقىدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىڭلىغان رەسمىي تەكشۈرگۈچىلىرى ۋە تەشۋىقات ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ دەۋرىمىزدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلىرى ــــ بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئاشقۇن كوممۇنىست ياشلارغا بېرىلگەن نام ئىدى ــــ بولۇپ ، ئۇلار پىكىر ئەركىنلىكىنى ۋە شەخسىي كۆز قاراش - باھالارنى يوقىتىش مەقسىتىدە، سائەت – سائەتلەپ خىتايدىكى ئىنتېرنېتنىڭ «ئامانلىق»ىنى قوغدايدۇ. خىتاي ئەنە شۇ مەقسەتتە، «ئەللىك تىيىنلىق ئارمىيە»نى تۈپلىگەن بولۇپ، مەزكۇر «ئارمىيە»دىكىلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات تېمىلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، توردىكى (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭكىگە زىت ياكى ئۇيغۇن ئەمەس) بىرەسمىي پىكىرلەرگە قارشى تۇرىدۇ ۋە بۇ ئىشى ئۈچۈن خىتاينىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىن مائاش ئالىدۇ. «ئەللىك تىيىنلىق ئارمىيە»نىڭ رەقەملىك قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى ئېنىق ئەمەس، ئەمما مۆلچەردە 300 مىڭ تەشۋىقاتچىسى بار دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى

تەرپىدىن ئۇچۇر ئۇرۇشىغا كۆرە تەربىيەلەنگەن، ئۇلار خىتاينىڭ ئىنتېرنېتىنى تەكشۈرىدىغان گۇۋاھنامە ئېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئىمتىھاندىن ئۆتۈشى كېرەك.

2011-يىلى خىتايچە ئۆكتىچى تاراتقۇلاردىن بول-غان (كالىفورنىيەدىكى) «خىتاي رەقەملىك ۋاقىت گېزىتى» «ئەللىك تىيىنلىق ئارمىيە»نىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرى بايان قىلىنغان رەسمىي تەشۋىقات كۇرسەتمىسىنىڭ تەپسىلاتىنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر كۆرسەتمىگە كۆرە، بۇ «ئارمىيە»نىڭ ئاساسلىق نىشانلىرىدىن بىرى دېموكراتىك تەيۋەننىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. كۆرسەتمىدە «ئەللىك تىيىنلىق ئارمىيە»دىكىلەرنىڭ خىتاي تور ئابونتلىرىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قانداق تەتقىق قىلىدىغانلىقى، ئاندىن خىتاي كومپارتىيەسىگە مايىل ئىنتېرنېت ئىنكاسچىسىدەك قىياپەتتە خىزمىتىنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. «ئەللىك تىيىنلىق ئارمىيە»نىڭ تەشۋىقاتچىلىرى توردىكى بەس - مۇنازىرىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشتە ئەڭ زامانىۋى ۋە مۇرەككەپ ئۇسۇللارنى قوللىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆتمۈشتىكى (بىردەمدىلا ئۆزىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يالاقچىسى ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويىدىغان) قوپال ۋە يالغاچ تەشۋىقاتلارغا ئوخشىمايدۇ.

كۆرسەتمىدىكى بۇ خىل ئۇسۇللار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇمكىنقەدەر ئامېرىكانى تەنقىد ئوبيېكتىگە ئايلاندۇرۇپ، تەيۋەننى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىرىش.

2. دېموكراتىيەگە بىۋاستە قارشى چىقماسلىق؛ ئەكسىچە، مۇنازىرىنى «قايسى خىل سىستېمىدا ھەقىقىي دېموكراتىيەنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ؟» دېگەن رامكا ئىچىگە ئەكىرىش.

3. مۇمكىنقەدەر غەرب دۆلەتلىرىدىكى زوراۋانلىققا ئالاقىدار ۋە نامۇۋاپىق ئەھۋاللارنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، دېموكراتىيەنىڭ كاپىتالىزمغا نە قەدەر ماس كەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش.

4. ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە ئارىلىشىشىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ ئەمەلىيەتتە باشقا دۆلەتلەرگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا غەربنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى باشقا دۆلەتلەرگە قانداق تاڭىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش.

5. بىر مەھەل ئىنتايىن ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالغان خىتاي خەلقىنىڭ شۇ چاغدىكى قان - ياشلىق تارىخىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پارتىيەگە بولغان مايىللىقىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى قوزغاش.

6. خىتاينىڭ ئىچىدىكى ئىجابىي تەرەققىياتلارنى كۆپلەپ بايان قىلىپ، (ئىجتىمائىي) مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىگە قولايلىق يارىتىش.

خىتاي تەشۋىقات مىنىستىرلىقى ئىدىيۋى «ساپلىق»قا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2019 - يىلى 1 - ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 90 مىليون ئەزاسىنىڭ تورنى ئاساس قىلغان يانفون يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق «داھىي» (شى جىنپىڭ)نىڭ ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلغان. مەزكۇر يۇمشاق دېتالدا ئەزالارنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىز قوغلايدىغان نۇقتا سىستېمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، ئەگەر (ئۇلار ئالغان) نومۇر يېتەرلىك ئەمەس دەپ قارالسا، ئىنتىزام جازاسى بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ يۇمشاق دېتالدىكى ئۆگىنىش يىغىنلىرى يازما ماقالە ۋە ۋىدىيولارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداشلار ماتېرىياللارنى «ھەزىم» قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نومۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن سىناققا قاتنىشىسا ياكى سوئاللارغا جاۋاب بەرسە بولىدۇ. خىزمەت ۋاقتىدا ئۆگىنىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى سۈپىتىدە، ئەتىگەندە، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ياكى كەچتە ئۆگىنىش قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا قوشلاپ نومۇر بېرىلىدۇ. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا پارتىيە ئەزالىرىنى (ئۆگىنىش قىلمايمۇ) ئۆگىنىش نومۇرىغا ئېرىشتۈرىدىغان تەكلىپ ۋە ھىيلىلەر تونۇشتۇرۇلغان يازمىلار ھەممەھەرلەندى.

خىتاي خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن گەپ قىلىپ كەلگەن گوردون چاڭ (Gordon Chang) خىتاينىڭ تېخنىكىلىق تىزگىنلەش سىستېمىسىنى كەڭ كۆلەملىك رەقەملىك ھاكىممۇتلەقلىق تەجرىبىسى دەپ قارايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ «خىتاي رەھبەرلىرى ئۇزۇندىن بېرى جياڭ زېمىن 1995 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان <ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە ئەقلىلەش-

**تۇرۇش> ئۇقۇمىغا مەپتۇن بولۇپ كەلدى. يەنە كېلىپ بۇ ئىش تېخى ئەمدىلا باشلاندى. مۆلچەرلەرگە كۆرە، ئۇلار هازىرلاۋاتقان ئىقتىدارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلار نۆۋەتتە قارشىلىق كۆرسىتىشلەرگە ئاساسەن ئىمكان بەرمەيدىغان كۆچكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. هازىرقى مەسىلە – كونسېرى ئىسيانكارلىشىۋاتقان خىتايلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەسەۋۋۇرىنى قوبۇل قىلىش – قىلماسلىقىدۇر» (5).**

**خىتاي چوقۇم چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن سودا قىلىش ئىستىكىدىن پايدىلىنىپ، تېخنىكىنى ئاساس قىلغان هاكىمىيەتلەق سىستېمىنى خىتاينىڭ سىرتىغا كېڭەيتىدۇ. تەيۋەن بىلەن سودا قىلىسىڭىز ياكى خىتاينىڭ ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى تىبەت ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەنقىد قىلىسىڭىز، ئىجتىمائىي ئىشەنچ نەتىجىڭىز دەرھال يوقايدۇ.**

**بۇ سىستېمىلار يەنە ساغلاملىق مۇلازىمىتى شىركىتى ئانسېم (Anthem)، مارىيوت (Marriott) مېهمانخانا زەنجىرى ۋە ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ خادىملارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئامېرىكا سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىدىن ئوغرىلانغان ئون مىليونلىغان كومپيۇتېر خاتىرىلىرىدىن نەپ ئالىدۇ. مەزكۇر شەخسىي ئۇچۇرلار ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ ۋە بۇ سىستېمىنىڭ ئەڭ كەمىدە ئامېرىكاغا كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.**

**خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق هاكىمىيەتلەقلىقى دۇنيادىكى ئەڭ هۇجۇمچان ئىستىخبارات توپلاش ھەرىكەتلىرىگە تايىنىدۇ.**

**(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)**

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**هېكمەتيار ئىبراھىم ، ئەنۋەر قاراقۇرۇم**



# ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى رىچارد نىكسونغا ئەۋەتكەن مەكتۇبى

ۋىلسون مەركىزىنىڭ رەقەملىك ئارخىپخانىسىدىكى 208601 – نومۇرلۇق ئارخىپ

**ئامېرىكا پرېزىدېنتى رىچارد نىكسون ئەپەندىگە:**

**ۋاشىنگتون**

**جانابلىرى،**

**ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مۆھتەرەم پرېزىدېنتى، ئاسارەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ يېقىن قوغدىغۇچىسى: سىزگە قەلبى دەرتكە تولغان، لېكىن ئۈمىدىنى يوقاتمىغان، ئاسارەتتىكى بىر مىللەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خىتاب قىلىۋاتىمەن.**

**1959 – يىلى 22 – ئىيۇن كېڭەش پالاتا ئەزاسى دوگلاس ۋە 18 ھەمراھىنىڭ تەكلىپى بىلەن كېڭەش پالاتاسىدا قوبۇل قىلىنغان ۋە شۇ مەزگىلدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئېزىنخاۋېرنىڭ 17 – ئىيۇلدىكى بۇيرۇقى ئارقىلىق، 19 – ئىيۇلدىن باشلانغان بىر ھەپتىنىڭ ئامېرىكادا «ئاسارەتتىكى مىللەتلەر ھەپتىسى» دەپ ئېلان قىلىنى-**

شى بىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئۈمىد مەنبەلىرىمىزدىن بىرى بولغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكاغا تەشەككۈر ئېيتىمىز. بىز (ئامېرىكانىڭ) ئەركىنلىك قەلئەسى سۈپىتىدە ئاسارەتتىكى مىللەتلەرنى ھىمايە قىلغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمىز ۋە تولىمۇ مەمنۇنمىز.

جانابلىرى،

كېڭەش پالاتا ئەزاسى دوگلاس ۋە **18** ھەمراھى تەرىپىدىن كېڭەش پالاتاسىغا سۇنۇلغان بىرلەشمە قارار لايىھەسىدە بىر نۇقتىنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىدىن كۆڭلىمىز تولىمۇ يېرىم بولدى. بىرلەشمە قارار لايىھەسى ۋە باياناتتا ئېمپېرىيالىست رۇسلارنىڭ ئاسارىتى ئاستىدىكى مىللەتلەر ئايرىم – ئايرىم تىلغا ئېلىنغان – يۇ، لېكىن قىزىل خىتاي جاھانگىرلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىتىۋېتىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى زىكىر قىلىنمىغان. بىرلەشمە قارار لايىھەسىدە «خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى» دېيىلگەن رايوندا، شەرقىي تۈركىستان، ئىچكى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە ۋە تىبەتكە ئوخشاش ئاسارەتتىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ بارلىقى؛ بۇلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئېتنىك نۇقتىلاردىن خىتاي بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقى سىزگىمۇ ئەلۋەتتە مەلۇم. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي بىلەن ئەسلا بىر باغلىنىشى يوقلۇقى، نەسەب، تىل، دىن، كۇلتۇر جەھەتلەردىن (خىتاي بىلەن) تامامەن پەرقلىق بىر قەۋم، يەنى تۈرك قەۋمى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇملۇق بىر ھەقىقەتتۇر.

ئەگەر ئۇشبۇ بىرلەشمە قارار لايىھەسىدە، خىتاي بىلەن جۇغراپىيەلىك، تارىخىي ياكى ئېتنىك ھېچبىر مۇناسىۋىتى بولمىغان شەرقىي تۈركىستان ئاسارەتتىكى تىبەتكە ئوخشاش ئايرىم تىلغا ئېلىنسا ۋە كۆڭۈل بۆلۈنسە، بۇ ئەركىنلىك كۈرىشىمىزدە بىزگە سۈرئەت ۋە رىغبەت ئاتا قىلغان بولاتتى.

مەزلۇم ۋە بىگۇناھ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرىگە قىزىقىش ۋە ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل ھالدا، سىزگە چوڭقۇر ئېھتىرامىمنى بىلدۈرىمەن.

**1969** – يىلى **7** – ئاينىڭ **12** – كۈنى

ئىيسا ئالىپتېكىن
شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش كاتىپى.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر قاراقۇرۇم

مەنبە:
**https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/208601**



# قارار چىقىرىشتا پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش

**قانداق قىلغاندا ئوبيېكتىپ قارار چىقارغىلى بولىدۇ؟**

بازارغا سېلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر مەھسۇلاتىڭىز ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلايلى. سىز بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ بازىرى كېڭىيىۋاتىدۇ دەپ قارايسىز ۋە ئىزدىنىشىڭىز داۋامىدا مەزكۇر چۈشەنچىڭىزنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئۇچۇرلارنىمۇ تاپماي قالمايسىز.

ھالبۇكى، مەھسۇلاتىڭىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، سىز ئويلىغاندەك بازار تاپالمايدۇ، خېرىدار سىز ئويلىغاندىن ئاز بولىدۇ. ھەتتا سىز تەننەرخىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغۇدەك مىقداردا مال ساتالماي، زىيان تارتىسىز. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا، چىقارغان قارارىڭىز مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكى (confirmation bias) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. يەنى سىز بازار ئۇچۇرلىرىغا ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولغان چۈشەنچىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان شەكىلدە شەرھلەيسىز – دە، نەتىجىدە خاتا قارار چىقىرىسىز.

مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكى ھەممىمىز قارار چىقارغاندا ئاسانلا تەسىرىگە ئۇچرايدىغان نۇرغۇن پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن بىرىدۇر. مەزكۇر ماقالىدە بىز بىر قانچە تۈرلۈك كۆپ ئۇچرايدىغان بىر تەرەپلىمىلىك ھەققىدە توختىلىمىز ۋە قانداق قىلغاندا ئۇلاردىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىمىز.

## پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىك دېگەن نېمە؟

دانىيېل كاھنېمان **(Daniel Kahneman)**، پاۋېل سىلوۋىك **(Paul Slovic)** ۋە ئېيموس ۋېرسكى **(Amos Tversky)** قاتارلىق پسىخولوگلار «پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىك» ئۇقۇمىنى **1970** – يىللاردىلا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايقىشىنى **1982** – يىلى «ئېنىقسىزلىق ئاستىدا ھۆكۈم چىقىرىش» **(Judgment Under Uncertainty)** ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلغانىدى.

ئۇلار پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىك ـــ «تونۇش بىر تەرەپلىمىلىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـــ نى «مەنتىقسىز رەۋىشتە قارار چىقىرىش ياكى ھەرىكەت قىلىش خاھىشى» دەپ شەرھلىگەن. مەسىلەن، سىز ئۆزىڭىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇچۇرلاردىن (ئۆز خاھىشىڭىزغا ماس كېلىدىغانلىرىنى) تاللاپ پايدىلىنىسىز ياكى قارار چىقىرالماي تېڭىرقاپ، تېخىمۇ كۆچلۈك (كەسكىن) خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ قارار چىقىرىپ بېرىشىگە موھتاج بولىسىز.

پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىك ئەقەللىي ساۋاتلارنىڭ، شۇنداقلا ئوچۇق، پۇختا ھۆكۈملەرنىڭ زىتىدۇر. ئۇ پۇرسەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشىگە ۋە ناباب قارارلارنىڭ چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## كۆپ ئۇچرايدىغان پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىكلەر

تۆۋەندە بىز تىجارەت ساھەسىدە قارار چىقىرىش جەريانىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بەش خىل پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىك ۋە قانداق قىلغاندا بۇلارنى يېڭىپ، تېخىمۇ ياخشى قارار چىقارغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمىز:

### **1.** مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكى

يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ئۆزىڭىزنىڭ مەۋجۇت چۈشەنچىسىنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئۇچۇرلارنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان سان – سىفىرلارنى رەت قىلغان ۋاقتىڭىزدا، مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكى سادىر قىلىۋاتقان بولىسىز. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز بارلىق ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تەڭ نەزەرگە ئالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، بىر تەرەپلىمە قارار چىقىرىپ قويىسىز.

**2013** – يىلىدىكى بىر تەتقىقاتتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكىنىڭ كىشىلەرنىڭ ستاتىستىكىلارغا قانداق قارايدىغانلىقىغىمۇ تەسىر قىلىدىغانلىقى بايقالدى. مەزكۇر تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ساھبلىرى كىشىلەرنىڭ ستاتىستىكىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت چۈشەنچىسىنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئۇچۇرلارنى سۈزۈۋېلىش خاھىشى بارلىقىنى، ھەتتا ستاتىستىكىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە زىت قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن تەقدىردىمۇ، ئەھۋالنىڭ يەنىلا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكى ستاتىستىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا قارار چىقىرىش جەريانىدىكى ئېغىر يوشۇرۇن مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

## قانداق قىلغاندا مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

چۈشەنچە – كۆز قاراشلىرىڭىزغا خىرىس قىلىشقا ئۆرۈنۈڭ. بىر ئەمەس، بىر قاتار مەنبەلەردىن ئۇچۇر ئىگىلەشكە تىرىشىپ، مەسىلىگە بىر قانچە خىل ئوخشىمىغان نۇقتىئىينەزەردىن قاراڭ.

يەنە بىر خىل ئۇسۇل شۇكى، ئوي – پىكرىڭىز ھەققىدە باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىڭ. ئەتراپىڭىزدا خىلمۇ خىل كۆز قاراشتىكى كىشىلەر بولسۇن، ئۆزىڭىزنىڭكىگە قارشى كۆز قاراشلارغا قۇلاق سېلىشتىن

قورقماڭ. سىز يەنە مەخسۇس ئۆز كۆز قارىشىڭىزغا زىت ئۇچۇر ۋە كىشىلەرنى ئىزدەپ تاپسىڭىزمۇ ياكى خىزمەت ئەترىتىڭىزدە، مۇھىم قارارلارنى چىقىرىشتا، مەخسۇس ئۆكتىچى كۆز قاراشلارنى ياقلايدىغان بىرەر ئادەم تەسىس قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## 2. لەڭگەر تاشلاش

بۇ (خۇددى كېمە قىرغاققا كەلمەي تۇرۇپلا لەڭگەر تاشلىغانغا ئوخشاش) بىۋاستە خۇلاسىگە ئۆتۈپ كېتىدىغان، يەنى قارارنى ئەڭ دەسلەپتە ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا تايىنىپ تۇرۇپلا چىقىرىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتۇر.

بۇنى «تۇنجى تەسىرات» بىر تەرەپلىمىلىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، بىرەر ئەھۋال ھەققىدىكى تۇنجى تەسىراتىڭىز شەكىللەنگەن ھامان، باشقا ئېھتىماللىقلارنى ئويلىيالىشىڭىز بەسىي مۈشكۈل.

قانداق قىلغاندا لەڭگەر بىر تەرەپلىمىلىكىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

لەڭگەر بىر تەرەپلىمىلىكى سىز تېز قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولغاندا ياكى سىز ئومۇمەن جىددىي ھەرىكەت قىلىشقا مايىل بولغاندا كۆرۈلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارار چىقىرىش تارىخىڭىزغا نەزەر تاشلاڭ ۋە ئۆتمۈشتە ئالدىراپلا قارار چىقىرىۋەتكەن ئەھۋاللىرىڭىز بار-يوقلۇقى ھەققىدە ئويلىنىڭ.

ئاندىن ئالدىرىماي قارار چىقىرالاش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىڭ ۋە جىددىي قارار چىقىرىشتىن بېسىم ھېس قىلسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىڭ.

## 3. ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىش بىر تەرەپلىمىلىكى

بىلىمىڭىز ۋە كۆز قارىشىڭىزغا بولغان ئىشەنچىڭىز زىيادە ئېشىپ كەتكەندە، سىزدىن بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك سادىر بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم بىر قارارنى چىقىرىش جەريانىدىكى رولىڭىزنى ئەمەلىيەتتىكىدىن مۇھىم دەپ ئويلىۋالىسىز.

سىز بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىكنى يۇقىرىدا قەيت قىلغان «لەڭگەر بىر تەرەپلىمىلىكى» بىلەن تەڭ سادىر قىلىشىڭىز، يەنى ھېسسىياتىڭىزغا تايىنىپ ئىش قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، بۇ خىل ئەھۋالدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ قارار چىقىرىش ئىقتىدارىغا قارىتا رېئاللىقتىن چەتنىگەن (زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلەنگەن) كۆز قاراشتا بولغان بولىسىز.

تەتقىقاتچىلار **2000** - يىلىدىكى مەلۇم بىر تەتقىقاتتا بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ نورمال پۇقرالارغا قارىغاندا، كارخانىچىلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلىم جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى بايقىيالمىغاچقا، (خاتا قارار چىقىرىلغان تەقدىردە) كۆرۈلىدىغان خەۋپ-خەتەرنىمۇ يېنىك ئويلىۋالىدۇ. گەرچە بۇلارنىڭ بەزىلىرى تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ئۇتۇق قازانسىمۇ، كۆپىنچىسى بۇرنىغا يەيدۇ.

## قانداق قىلغاندا ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىش بىر تەرەپلىمىلىكىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى سوئاللار ھەققىدە ئويلىنىڭ:

سىز قارار چىقارغاندا قايسى ئۇچۇر مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىشقا مايىل؟ ئاشۇ ئۇچۇر مەنبەلىرى رېئاللىقنى ئاساس قىلغانمۇ ياكى سىز ھېسسىياتىڭىزغا تايىنىۋاتامسىز؟

ئۇچۇر توپلاشقا ئۆزىڭىزدىن باشقا يەنە كىملەر ئىشتىراك قىلغان؟

ئۇچۇرلار سىستېمىلىق شەكىلدە توپلانغانمۇ؟
ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشەنچىسىز مەنبەلەرگە تايىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلغان بولسىڭىز، تەپسىلىي، ئوبيېكتىپ مەلۇماتلارنى توپلاش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاڭ.

## 4. قىمارۋازلارچە بىر تەرەپلىمىلىك

بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىكتە سىز ئۆتمۈشنىڭ كەلگۈسىگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئويلىۋالىسىز. بۇنىڭ كىلاسسىك مىساللىرىدىن بىرى تەڭگە تاشلاشتۇر. ئەگەر سىز تەڭگە تاشلاپ، تەڭگە ئۇدا يەتتە قېتىم ئوڭ چۈشسە، سەككىزىنچى قېتىمدا تەتۈر چۈشۈش نىسبىتى چوقۇم يۇقىرى بولىدۇ، دەپ ئويلىۋالىسىز.
شۇنداقلا، بۇ خىل تەكرارلىق قېتىم سانى كۆپەيگەنسېرى، سىزنىڭ «كېلەر قېتىم چوقۇم باشقىچە نەتىجە چىقىدۇ» دېگەن پەرىزىڭىز شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئەمما ، بۇ مىسالدا ئوڭ ياكى تەتۈر چۈشۈش ئېھتىماللىقى ھەرۋاقىت تەڭ (50%) بولىدۇ.
قىمارۋازلارچە بىر تەرەپلىمىلىك سودا ساھەسى ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر. بۇنىڭ يەنە بىر خىل مىسالى شۇكى، سىز ناھايىتى تۇراقسىز بىر بازاردا مەبلەغ سېلىش تەھلىلچىسى بولسىڭىز ۋە ئۆتمۈشتىكى مەبلەغلىرىڭىز جايىغا سېلىنغان بولسا، سىز بۇ خىل ئۇتۇقلىرىڭىز سەۋەبلىك يەنە بىر قېتىم، تېخىمۇ زور سوممىلىق مەبلەغ سالماقچى بولىسىز.
ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ نەتىجىسى تولىمۇ ئېنىقسىزدۇر. چۈنكى (بۇ قەدەر تۇراقسىز بازاردا) ئۆتمۈشتىكى بىر قانچە قېتىملىق ئۇتۇقىڭىز كەلگۈسىدىكى ئۇتۇقىڭىزنىڭ كاپالىتى ئەمەس.

### قانداق قىلغاندا قىمارۋازلارچە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

2008 – يىلىدىكى بىر تەتقىقاتتا، ئەگەر قارار چىقارغۇچى ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بىر باشتىن قاراپ چىقىشتىن (شۇنداقلا بۇ خىل تەرتىپتىن ئاللىقانداق قانۇنىيەتلەرنى يەكۈنلەپ چىقىشتىن) ساقلانسا، قىمارۋازلارچە بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ سادىر بولۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن، قىمارۋازلارچە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىناي دېسىڭىز، بازار يۈزلىنىشىگە بىر قانچە خىل ئوخشىمىغان نۇقتىدىن قاراشقا كاپالەتلىك قىلىڭ.

## 5. تۈپكى سەۋەبنى خۇلاسىلەش بىر تەرەپلىمىلىكى

بۇ ئىشتىن چاتاق چىققاندا، ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئوبيېكتىپ كۆزىتىشنىڭ ئورنىغا، باشقىلاردىن ۋايساش خاھىشىدۇر. بولۇپمۇ بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىكتە، سىز قېلىپلىشىپ كەتكەن تەپەككۇرغا تايىنىپ، باشقىلارنى ھېس قىلىنغان خاتالىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەيىبلەيسىز.
مەسىلەن، سىز ماشىنا ھەيدەۋېتىپ قاتناش ۋەقەسىگە يولۇقسىڭىز، شۇنداقلا خاتالىق قارشى تەرەپتە بولسا، سىز قارشى تەرەپنىڭ خاتالىشىشىغا ھاۋارايى دېگەندەك ئامىللارنىڭ سەۋەب بولغان بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئويلاشتىن بەكرەك، ئۇنى لاياقەتسىز شوپۇركەن دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ ئۈلگۈرىسىز.
تۈپكى سەۋەبنى خۇلاسىلەش بىر تەرەپلىمىلىكى «پائىل – كۆزەتكۈچى بىر تەرەپلىمىلىكى»نىڭ زىتىدۇر. بۇ خىل «پائىل – كۆزەتكۈچى» بىر تەرەپلىمىلىكىدە، ئىنسان ئۆزى خاتالاشقاندا، مەسئۇلىيەتنى ئۆزىدىن (ئۆزىنىڭ مىجەز – خۇلقى، ئادەتلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەردىن) ئەمەس، سىرتقى ئامىللاردىن ئىزدەشكە مايىل كېلىدۇ.
مەسىلەن، سىز بىر قاتناش ۋەقەسىگە يولۇقسىڭىز ۋە خاتالىق سىزدىن ئۆتكەن بولسا، سىز مەسىلىنى

ئىنكاسىڭىزنىڭ تېز بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، تورمۇزدىن ياكى يولنىڭ تېيىلغاقلىقىدىن كۆرىسىز.

## قانداق قىلغاندا تۆپكى سەۋەبنى خۇلاسىلەش بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىيەتنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەرنى، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلانغان ھالدا توغرا كۆزىتىش، ئۇلارغا كۇلتۇرەل ئەقىل **(Cultural Intelligence)** ۋە ھېسداشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ خىل خاتالىقنى سادىر قىلغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش كېرەك.

شۇنداقلا، ھېسسىي ئەقلىڭىزنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۆز قىلمىشىڭىز ھەققىدە توغرا پىكىر قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈڭ.

**ئەسكەرتىش:**

ئۆزىمىزدىكى پسىخولوگىيەلىك بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى بايقاش قىيىن. چۈنكى بۇنىڭغا كۆپىنچە يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر سەۋەبچى بولىدۇ.


شۇ ۋەجىدىن، چوڭ قارارلارنى ئۆز ئالدىڭىزغا چىقىرىش كۆپىنچە ھاللاردا ئاقىلانىلىك بولمايدۇ.

دانىيېل كاھنېمان **(Daniel Kahneman)**، دان لوۋاللو **(Dan Lovallo)** ۋە ئولىۋىر سىبونى **(Olivier Sibony))** **2011** – يىلى «خارۋارد سودا ئوبزورى»دىكى ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ، مۇھىم قارارلارنى ئۇيۇشمىچە چىقىرىش كېرەكلىكىنى تىلغا ئالغان.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم

**ئەسلى مەنبە:**

**https://www.mindtools.com/pages/article/avoiding-psychological-bias.htm**



# ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى 2020

**116 – قېتىملىق دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئىككىنچى يىغىنى**
**S. 3744**

**مەزكۇر قانۇن لايىھەسى «شىنجاڭ»(ئەسلى ھۆججەتتە ئىشلىتىلگەن ئىسىم ئەينەن ئېلىندى)دىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە (خىتاي ھۆكۈمىتىنى) خىتاينىڭ ئىچى – سىرتىدا، بۇ كىشىلەرنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، قىيىن – قىستاققا ئېلىش ۋە پاراكەندە قىلىش قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا چاقىرىدۇ.**

**مەزكۇر قانۇن لايىھەسى ئامېرىكا بىرلەشمە شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە، ھەم كېڭەش پالاتاسى، ھەم ئاۋام پالاتاسى تەرىپىدىن ماقۇللىنىشى كېرەك.**

**بىرىنچى ماددا، قىسقا ماۋزۇ؛ مۇندەرىجە**

(a) قىسقا ماۋزۇ ــ مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنى «2020 - يىللىق ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

(b) مۇندەرىجە ــ مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ مۇندەرىجىسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى ماددا. قىسقا ماۋزۇ؛ مۇندەرىجە.

ئىككىنچى ماددا. مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى.

ئۈچىنچى ماددا. بايقاشلار.

تۆتىنچى ماددا. دۆلەت مەجلىسىنىڭ كۆز قارىشى
بەشىنچى ماددا. ئامېرىكانىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قاراتقان سىياستى ھەققىدە يېڭى بايانات
ئالتىنچى ماددا. ئېمبارگو يۈرگۈزۈش
يەتتىنچى ماددا. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايوندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدىكى دوكلات
سەككىزىنچى ماددا. ئامېرىكا پۇقرالىرى ۋە ئاھالىلىرىنى (خىتاي تەرىپىدىن) قورقۇتۇلۇش ۋە زورلىنىشتىن قوغداش ھەققىدىكى دوكلات.
توققۇزىنچى ماددا. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتي ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايوندىكى باستۇرۇشىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىسادىي تەسىرى توغرىسىدىكى دوكلات.
ئونىنچى ماددا. مەخپىي دوكلات.

**ئىككىنچى ماددا. مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى.**

**مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ـــ ئامېرىكا دائىرىلىرىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدا بىر مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىش ۋە تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق سادىر قىلىۋاتقان ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ۋە خارلاش قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا يېتەكلەشتۇر.**

**ئۈچىنچى ماددا. بايقاشلار.**

**دۆلەت مەجلىسى تۆۋەندىكىلەرنى بايقىدى:**
**(1) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ»ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدا تۈركىي ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدا، خىتاينىڭ مەركىزىي ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەت سىياسەتلىرى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) مەزكۇر يەرلىك مىللەتلەرنى پىكىر ئەركىنلىكى، دىنىي ئەركىنلىك، خالىغانچە يۆتكىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى قاتارلىق بىر يۈرۈش پۇقرالىق ھوقۇقلىرى ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلغان ھالدا سىستېمىلىق كەمسىتىلىشكە ئۇچرىتىپ كەلدى.**
**(2) 2014 – يىلى بەشىنچى ئايدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنقى «زوراۋان ئەسەبىيلىككە قارشى قاتتىق زەربە»سىنى باشلىدى ۋە كەڭ كۆلەملىك، خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە تېررورىزم تەھدىتىنى باھانە قىلىپ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى يەرلىك مۇسۇلمان خەلققە قويغان مىسلىسىز چەكلىمىلىرىنى ۋە ئۇلارغا قىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى قانۇنىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. 2016 – يىلى 8 – ئايدا، (ئاتالمىش) تىبەت ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق پارتكوم سېكرېتارى چېن چۇەنگونىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونلۇق شۆبىسىگە سېكرېتار قىلىپ تەيىنلىنىشىگە ئەگىشىپ، مەزكۇر رايوندىكى باستۇرۇش تېخىمۇ تېزلەتتىلدى. ئالىملار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ژۇرنالىستلار ۋە ئاقىللار ئامبارلىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندا) تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى قۇرۇپ چىققانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك دەلىل – ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى. 2014 – يىلىدىن باشلاپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىر مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەت كىشىلىرىنى مۇشۇ لاگېرلارغا سولىغان. خىتاي خەلق جۇم-**

ھۆرىيىتىنىڭ 2010 – يىلىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە كۆرە، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 13 مىليون ئەتراپىدا.

(3) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قىلغان – ئەتكەنلىرى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىغا ۋە ئۆلچەملىرىگە خىلاپ بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(A) ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئەھدىنامە، بۇنىڭغا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قوشۇلغان.

(B) قىيىن – قىستاققا ۋە باشقا رەھىمسىز، ئىنسانىيلىققا زىت ياكى خارلىغۇچى مۇئامىلە – جازالارغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ئەھدىنامە، بۇنىڭغا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىمزا قويغان ۋە تەستىقلىغان.

(C)پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئەھدىنامە، بۇنىڭغا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىمزا قويغان؛ ۋە

(D) دۇنيا كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى.

(4) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى مەزكۇر رايوندا ئىجرا قىلىدىغان، خىتاي كومپارتىيەسى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونى شۆبىسىنىڭ نۆۋەتتىكى سېكرېتارى چېن چۈەنگو؛ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدا ئىجرا قىلىنغان نۇرغۇن سىياسەتلەرنى ئىجاد قىلغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونى سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى جۇ خەيلۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدە بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار. مەزكۇر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى خالىغانچە قولغا ئېلىش؛ ئەمگەك يېشىدىكى قۇرامىغا يەتكەنلەرنى بالىلار ۋە ياشانغانلاردىن ئايرىۋېتىش؛ مەجبۇرىي ئەمگەكنى تەمىنلەش زەنجىرىگە كىرگۈزۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(5) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى لاگېرلارغا سولانغانلار مەجبۇرىي سىياسىي تەربىيەلەش (مېڭە يۇيۇش)، قىيىن – قىستاق، تاياق يېيىش، تاماق بېرىلمەسلىك ۋە دىن، كۇلتۇر ۋە تىل ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. بۇ شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، لاگېر خىزمەتچىلىرى ئۇلارغا «لاگېردىن چىقىپ كېتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى يېتەرلىك دەرىجىدە سىياسىي ساداقەت بىلدۈرۈش» دېگەن. بۇ خىل لاگېرلاردىكى ناچار شارائىت ۋە داۋالاش ئىمكانىيىتىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبلىك، ياشانغانلار ۋە ئاجىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى تۇتقۇنلارنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى مەلۇم.

(6) باشقا دۆلەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرۇش ئىجازىتىگە ياكى پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ۋە قازاقلار خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ تەھدىتى ۋە پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى كەم دېگەندە بەش ئاخباراتچى ئۆزلىرىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ خورلىغۇچى سىياسەتلىرىنى ئاشكارىلىغانلىقى سەۋەبلىك، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن خورلانغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا تەپسىلىي بايان قىلدى.

(7) 2018 – يىلى توققۇزىنچى ئايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت (Michelle Bachelet) ئالىي كومىسسارلىق سۈپىتىدە قىلغان تۇنجى سۆزىدە”«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونى ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە، خالىغانچە تۇتۇلۇپ، ئاتالمىش تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى ھەققىدىكى كىشىنى چوڭقۇر ئەندىشىگە سالىدىغان ئەيىبلەشلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى “.

(8) 2019 - يىلى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى مەۋجۇت دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسەن، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونى جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن دەپ يەكۈن چىقاردى.

(A) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشى، قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇشى، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدە، ھەممىلا جايدا نازارەت قىلىشى، ئەدلىيە تەرتىپىدە قائىدىگە بويسۇنماسلىقى»نى ئەيىبلەيدۇ.

(B) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دېموكراتىيەنى، كىشىلىك ھوقۇقنى ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىشقا ھوقۇق بېرىدۇ؛ ۋە

(C)تۆۋەندىكىدەك ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسكە ئېمبارگو يۈرگۈزۈشنى قوللايدۇ:

(i) كىشىلىك ھوقۇقلارغا ياكى دىنىي ئەركىنلىككە خىلاپلىق قىلغانلار؛ ياكى

(ii) نازارەت قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار.

## تۆتىنچى ماددا. دۆلەت مەجلىسىنىڭ كۆز قارىشى

دۆلەت مەجلىسىنىڭ كۆز قارىشى شۇكى:

(1) پرىنزىپىت:

(A) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەت ئەزالىرىغا ۋە باشقا كىشىلەرگە قىلغان زىيانكەشلىكىنى ئەيىبلىشى كېرەك؛ شۇنداقلا

(B) بۇ خىل دائىرىلەرگە دەرھال تۆۋەندىكى خۇسۇسلاردا چاقىرىق قىلىشى كېرەك:

(i) تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى تاقاش؛

(ii) كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى بارلىق چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش؛ شۇنداقلا

(iii) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرتىدىكى قەدىردانلىرى، دوستلىرى ۋە شېرىكلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە يول قويۇش؛

(2) دۆلەت سېكرېتارى 1998 – يىلى ئىمزالانغان «خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك قانۇنى»غا بىنائەن، ئىستراتېگىيەلىك ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ۋە باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى ئويلىشىشى كېرەك. بۇ ئۇسۇللار مەزكۇر قانۇننىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى ئېغىر دەرىجىدە باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ھەل قىلىشنى نىشان قىلغان 402 – ماددىسىغا كۆرە، خىتاينى دىنىي ئەركىنلىك جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدىغان دۆلەت قىلىپ بەلگىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

(3) دۆلەت سېكرېتارى:

(A) ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە كۆپ تەرەپلىك ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئەيىبلىشى كېرەك؛ ۋە

(B) قاراتمىلىققا ئىگە ئېمبارگو ۋە ۋىزا چەكلىمىسى جەھەتلەردە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن يېقىندىن ماسلىشىشى كېرەك؛

(4) ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمىنىڭ ئاخباراتچىلىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىنى تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە تەھدىت سېلىشى ياكى جىمىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىغا قارىماستىن، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياسىي ۋەزىيەت ھەققىدە خەۋەر بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەرىپلىنىشى كېرەك؛

(5) ئامېرىكا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكىلەرنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراملىرىغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

(6) فېدېراتسىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FBI) ۋە ئامېرىكانىڭ مۇۋاپىق قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى ئامېرىكادىكى كىشىلەرنى پاراكەندە قىلغان، تەھدىت سالغان ياكى قورقۇتقان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك.

(7) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مەھسۇلات سېتىۋاتقان، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەۋاتقان ياكى باشقا جەھەتلەردە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋە پۇقرالىرى ھەرقانداق ئامىۋى ھۆججەت ۋە مالىيەدوكلاتلىرى يوللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېرەكلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۆۋەندىكىلەرگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك:

(A) ئۇلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ياكى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئەدىتىۋەتمەسلىكى كېرەك؛ شۇنداقلا،

(B) ئۇلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى مەجبۇري ئەمگەككە چېتىلىپ قالماسلىقى كېرەك.

## بەشىنچى ماددا. ئامېرىكانىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قاراتقان سىياستى ھەققىدە يېڭى بايانات

1990 - ۋە 1991 – مالىيە يىلىدا يولغا قويۇلغان «تاشقى مۇناسىۋەتلەر ھوقۇق بېرىش قانۇنى»نىڭ 901 (b) – ماددىسىغا تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى:

(1) 7 -، 8 – ۋە 9 – تارماقلار ئايرىم – ئايرىم ھالدا 8 -، 9 – ۋە 10 – تارماق قىلىپ ئۆزگەرتىلدى؛ ۋە

(2) 6 – تارماقنىڭ ئاخىرىغا تۆۋەندىكىلەر قىستۇرۇلدى:

«(7) ئامېرىكانىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قاراتقان سىياستى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ۋەزىيەت بىلەن، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى كېرەك:

«(A) تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى تۇتۇپ تۇرۇش قىلمىشلىرىنىڭ ئاياغلىشىشى؛

«(B) بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى؛

«(C) مۇئەييەن ئېتنىك گۇرۇپپا ئەزالىرىنى كەمسىتىدىغان ۋە كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تىزگىنلەشلەرنىڭ توختىتىلغان بولۇشى ۋە بۇلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىمۇ روشەن بولماسلىقى؛ شۇنداقلا

«(D) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى دىنىي ۋە كۇلتۇرەل پائالىيەتلەرگە قاراتقان پەۋقۇلئاددە ئېغىر چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىشى؛».

## ئالتىنچى ماددا. ئېمبارگو يۈرگۈزۈش

تەلەپ قىلىنغان دوكلات:

(1) ئاساسىي مەزمۇنى: پىرىزدېنت مەزكۇر قانۇن لايىھەسى ماقۇللىنىپ 180 كۈن ئىچىدە، يىلدا بىر قېتىمدىن ئاز بولمىغان ئاساستا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ بانكا، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىلىكى كومىتېتىغا بىر پارچە دوكلات سۇنۇپ، ئۆزى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر ياكى باشقا كىشىلەرگە ئالاقىدار تۆۋەندىكىدەك ئىشلاردا مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارىغان، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرقانداق ئەمەلدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر چەتئەللىكنىڭ سالاھىيىتىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك:

(A) قىيىن – قىستاققا ئېلىش.

(B) ۋەھشىي، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، پەسكەش مۇئامىلە ياكى جازا.

(C) ئەيىبلىمەستىن ۋە سوتلىماستىن ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇش.

(D) كىشىلەرنى مەخپىي تۇتۇپ تۇرۇش ۋە تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىش.

(E) ياشاش هوقۇقى، هۆرلۇك ياكى شەخسىي ئەمىنلىكتىن ئوچۇقتىن مەھرۇم قىلىش.

(2) شەكلى: 1 – پاراگرافتا تەلەپ قىلىنغان دوكلات ئاشكارا شەكىلدە سۇنۇلۇشى كېرەك، لېكىن مەخپىي قوشۇمچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ.

(b) ئېمبارگو يۈرگۈزۈش. پرېزدېنت (1) (a) تارماق ماددىدا تەلەپ قىلىنغان دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن ھەربىر چەتئەللىك شەخسكە (c) تارماق ماددىدا بايان قىلىنغان ئېمبارگولارنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

(c) ئېمبارگولار: مەزكۇر تارماق ماددىدا بايان قىلىنىدىغان ئېمبارگولار تۆۋەندىكىچە:

(1) مال – مۈلۈكنى توڭلىتىش: پرېزدېنت «خەلقئارالىق جىددىي ئىقتىسادىي هوقۇق قانۇنى»دا ئۆزىگە بېرىلگەن هوقۇقنى زۆرۈر بولغان دائىرىدە يۈرگۈزۈپ، (1) (a) تارماق ماددىدا تەلەپ قىلىنغان دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن ھەربىر چەتئەللىك شەخسنىڭ تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەرقانداق مال – مۈلۈكلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشىنى چەكلىشى كېرەك:

(A) مال – مۈلۈك ئامېرىكادا بولسا؛

(B) ئامېرىكاغا ئەكېلىنسە؛ ياكى

(C) ئامېرىكالىق شەخسنىڭ ئىلكىگە ياكى ئىگىدارلىق قىلىشىغا ئۆتسە.

(2) ۋىزا، كىرىش ئىجازىتى ياكى ۋاقىتلىق چېگرادىن كىرىش ئىجازەتنامىسى سالاھىيىتىنىڭ بىكار قىلىنىشى

(A) ۋىزا، كىرىش ئىجازىتى ياكى ۋاقىتلىق چېگرادىن كىرىش ئىجازەتنامىسى: (1) (a) تارماق ماددىدا بايان قىلىنغان چەتئەللىك شەخس:

(i) ئامېرىكا چېگراسىدىن كىرەلمەيدۇ؛

(ii) ئامېرىكاغا كىرىدىغان ۋىزا ياكى باشقا هۆججەتلەرگە ئېرىشىش سالاھىيىتى بولمايدۇ؛

(iii) بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا چېگراسىدىن ۋاقىتلىق ئۆتۈش سالاھىيىتى بولمايدۇ، شۇنداقلا «كۆچمەنلەر ۋە دۆلەت تەۋەلىكى قانۇنى»دىن ھەرقانداق شەكىلدە بەھرىلىنىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

(B) مەۋجۇت ۋىزىسى بىكار قىلىنىدۇ:

(i) ئاساسىي مەزمۇنى: (1) (a) تارماق ماددىدا بايان قىلىنغان چەتئەللىك شەخسنىڭ ۋىزا ياكى باشقا ھەرقانداق كىرىش ئىجازىتى قاچان بېرىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك بىكار قىلىنىدۇ.

(ii) دەرھال كۈرۈلىدىغان تەسىرى: (i) تارماق ماددىغا كۆرە بىكار قىلىش مەشغۇلاتى:

(I) دەرھال ئىجرا قىلىنىشى كېرەك؛ شۇنداقلا

(II) شۇ چەتئەللىك شەخسنىڭ ئىلكىدىكى باشقا ۋىزا ۋە ھەرقانداق چېگرادىن كىرىش هۆججەتلىرىمۇ بىكار قىلىنىشى كېرەك.

(3) جازالار: «خەلقئارالىق جىددىي ئىقتىسادىي هوقۇق قانۇنى»نىڭ 206 – ماددىسىنىڭ (b) ۋە (c) تارماق ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن جازالار مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ 1 – ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغان، خىلاپلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان، خىلاپلىق قىلىشنى پىلانلىغان ياكى خىلاپلىق قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان چەتئەللىك شەخسكە، بۇ قانۇننىڭ 206 – ماددىسىنىڭ (a) تارماق ماددىسىدا بايان قىلىنغان قانۇنسىز قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا بېرىلگەن جازاغا ئوخشاش دەرىجىدە تەدبىقلىنىشى كېرەك.

(d) ئىجرا قىلىنىشى: پرېزدېنت «خەلقئارالىق جىددىي ئىقتىسادىي هوقۇق قانۇنى»نىڭ 203 – ۋە 205 – تارماقلىرىدا بەلگىلەنگەن بارلىق هوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈپ، مەزكۇر ماددىنى ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

(e) هوقۇقتىن ۋاز كېچىش باياناتى: ئەگەر پرېزدېنت (1) (a) تارماق ماددىدا تەلەپ قىلىنغان دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن مەلۇم بىر شەخسكە مەزكۇر ماددىدا بەلگىلەنگەن ئېمبارگونى يۈرگۈزمەسلىك ئامېرىكانىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە پايدىلىق دەپ قارىسا ۋە بۇنى كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ بانكا، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىلىكى كومىتېتىغا ئىسپاتلاپ بېرەلىسە، شۇ شەخسكە ئېمبارگو يۈرگۈزۈشتىن ۋاز كەچسە بولىدۇ.

**(f) ئىستىسنالار:**

**(1) ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىدىكى ئىستىسنالار: بۇ تارماقتىكى ئېمبارگولار 1947 – يىلى يولغا قويۇلغان «دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنى»نىڭ بەشىنچى ماۋزۇسىدىكى دوكلات تەلىپىگە تەۋە ھەرقانداق ھەرىكەت ياكى ئامېرىكانىڭ ھەرقانداق ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىگە تەدبىقلانماسلىقى كېرەك.**

**(2) خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتلەرگە بويسۇنۇش ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئىستىسنالار: ئەگەر بىر چەتئەللىكنىڭ ئامېرىكاغا كىرىشى ياكى چېگرادىن ۋاقىتلىق ئۆتۈشى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار ئۈچۈن زۆرۈر بولسا، (2) (c) تارماق ماددىدىكى ئېمبارگولار ئۇ شەخسكە تەدبىقلانماسلىقى كېرەك:**

**(A) ئامېرىكانىڭ 1947 – يىلى 7 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ساكسېس كۆلى (Lake Success)دە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدا ئىمزالىنىپ، 1947 – يىلى 11 – ئاينىڭ 21 – كۈنى كۈچكە ئىگە بولغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابىغا ئالاقىدار كېلىشىمگە ياكى باشقا مۇۋاپىق خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتلەرگە رىئايە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش زۆرۈرىيىتى كۆرۈلگەندە؛ ياكى**

**(B) ئامېرىكا زېمىنىدا قانۇن ئىجرا قىلىش ياكى شۇنىڭغا ياردەملىشىش زۆرۈرىيىتى كۆرۈلگەندە.**

**(3) تاۋار ئىمپورتى جەھەتتىكى ئىستىسنالار:**

**(A) ئاساسىي مەزمۇنى: مەزكۇر ماددىدا ھوقۇق بېرىلگەن ئېمبارگولارنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقى ۋە تەلەپلىرى تاۋار ئىمپورت قىلىشقا قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ھوقۇقى ياكى تەلىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك.**

**(B) «تاۋار»نىڭ ئېنىقلىمىسى: مەزكۇر ماددىدىكى «تاۋار» ھەرقانداق نەرسىنى، تەبىئىي ياكى سۈنئىي ماددىلارنى، ماتېرىياللارنى، تەمىنات بۇيۇملىرىنى ياكى تەكشۈرۈش – سىناش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەييار مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن بۇ تېخنىكىلىق سان – سىفىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.**

**(g) ئېمبارگونى توختىتىش: پرېزىدېنت ئەگەر مەلۇم بىر شەخس ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە كەلگەن بولسا ۋە بۇنى ئەڭ كەم بولغاندا ئېمبارگونى توختىتىشتىن 15 كۈن بۇرۇن كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ بانكا، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىلىكى كومىتېتىغا دوكلات قىلسا، شۇ شەخسكە يۈرگۈزۈلگەن ئېمبارگونى توختاتسا بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:**

**(1) شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە ئېمبارگو يۈرگۈزۈلۈشىگە سەۋەب بولغان قىلمىشقا قاتناشمىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ئۇچۇرلار مەۋجۇت بولسا؛**

**(2) شۇ شەخس ئۆزىگە ئېمبارگو يۈرگۈزۈلۈشىگە سەۋەب بولغان قىلمىش ھەققىدە مۇۋاپىق سوتلانغان بولسا؛**

**(3) شۇ شەخس ئۆز قىلمىشىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىشەنچلىك شەكىلدە ئىسپاتلىغان، ئۆزىگە ئېمبارگو يۈرگۈزۈلۈشىگە سەۋەب بولغان قىلمىش ئۈچۈن تېگىشلىك بەدەل تۆلىگەن ۋە كەلگۈسىدە (1) (a) تارماق ماددىدا بايان قىلىنغان قىلمىشلارنى قەتئىي سادىر قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋەدە بەرگەن بولسا؛ ياكى**

**(4) ئېمبارگونى توختىتىش ئامېرىكانىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولسا؛**

**(h) ئۆزلۈكىدىن بىكار بولۇش مۇددىتى: مەزكۇر ماددا، شۇنداقلا مەزكۇر ماددىغا كۆرە يۈرگۈزۈلگەن ھەرقانداق ئېمبارگو مەزكۇر قانۇن كۈچكە ئىگە بولۇپ بەش يىلدىن كېيىن توختىتىلىشى كېرەك.**

**(i) ئېنىقلىمىلار ــــ بۇ ماددىدىكى:**

**(1) «كىرىش ھوقۇقى»، «رۇخسەت قىلىنغان» ۋە «چەتئەللىك» ــــ «كىرىش ھوقۇقى»، «رۇخسەت قىلىنغان» ۋە «چەتئەللىك» دېگەن ئاتالغۇلار «كۆچمەنلەر ۋە دۆلەت تەۋەلىكى قانۇنى»نىڭ 101 – ماددىسىدا مەزكۇر ئاتالغۇلارغا بېرىلگەن مەنىلەرگە ئىگە.**

**(2) چەتئەللىك شەخس ــ «چەتئەللىك شەخس» دېگەن ئاتالغۇ ئامېرىكالىق شەخسلەردىن سىرت كىشىلەر-**

نى كۆرسىتىدۇ.

(3) ئامېرىكالىق شەخس ـ « ئامېرىكالىق شەخس» دېگەن بۇ ئاتالغۇ:

(A) ئامېرىكا پۇقراسىنى ياكى قانۇنلۇق ھالدا ئامېرىكادا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش ئىجازىتىگە ئېرىشكەن چەتئەللىكلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ياكى

(B) ئامېرىكانىڭ ياكى ئامېرىكا زېمىنىدىكى ھەرقانداق ئەدلىيە رايونىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن تەشكىللەنگەن ئەمەلىي گەۋدە ياكى ئۇنىڭ چەتئەل تارمىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**يەتتىنچى ماددا. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدىكى دوكلات**

(a) ئاساسىي مەزمۇنى: مەزكۇر قانۇن لايىھەسى كۈچكە ئىگە بولۇپ، 180 كۈن ئىچىدە، دۆلەت سېكرېتارى باشقا ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، ئىدارىلەرنىڭ ۋە پۇقراۋى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن ــــ

(1) كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا ۋە ئاۋام پالاتاسىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىغا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە بىر پارچە دوكلات سۇنۇشى كېرەك؛ شۇنداقلا

(2) يۇقىرىدىكى (1) پاراگرافتا بايان قىلىنغان دوكلاتنى دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تور بېتىدە كۆرگىلى بولىدىغان قىلىشى كېرەك.

(b) ئۆز ئىچىگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار ــــ (1) پاراگرافتا تەلەپ قىلىنغان دوكلات شۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

(1) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا سولانغان كىشىلەرنىڭ سانى توغرىسىدىكى مۆلچەر؛

(2) بۇ خىل لاگېرلارنىڭ شارائىتى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش، بۇ مۇمكىن بولغان دائىرىدە تۆۋەندىكىلەر ھەققىدىكى مۆلچەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

(A) قىيىن – قىستاققا ئېلىش ئۇسۇللىرى؛

(B) كىشىلەرنى ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى؛ ۋە

(C) باشقا ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى؛

(3) مۇمكىن بولغان دائىرىدە، مەزكۇر رايوندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى مۆلچەر؛

(4) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دائىرىلىرى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكى كىشىلەرنى «قايتا تەربىيەلەش»تە ئىشلەتكەن ئۇسۇللار ھەققىدە بايان، بۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇشۇ خىل «قايتا تەربىيەلەش»لەرگە مەسئۇل ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تىزىملىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

(5) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى، شۇنداقلا تۇتقۇن قىلىنغان تۈركىي مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋاللىرى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى مۆلچەر، بۇ مۇشۇ خىل ئەمگەكلەردىن بىۋاسىتە مەنپەئەتلىنىۋاتقان چەتئەل شىركەتلىرى ۋە كارخانىلار ھەققىدىكى بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

(6) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەتئەل دىپلوماتلىرى ۋە ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ، مۇستەقىل مۇخبىرلارنىڭ ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كىرىشىگە يول قويۇش دەرىجىسى ھەققىدىكى مۆلچەر؛

(7) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۇلارنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىش، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تىزگىنلەش ۋە باشقا ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى مۆلچەر؛

(8) چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ (شەرقىي تۈركىستانلىق) ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا كۆچمەن ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قايتۇرۇۋېتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى بايان؛

(9) ئامېرىكانىڭ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن قىلغان دىپلوماتىك خىزمەتلىرى ھەققىدە مۇۋاپىق تونۇشتۇرۇش ـــ

(A) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ھەل قىلىش؛ ۋە

(B) مەزكۇر رايوندىن كەلگەن پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى قوغداش؛ شۇنداقلا

(10) دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدىكى پاراگراف (9)دا تىلغا ئېلىنغان دىپلوماتىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل تارماقلارنى بەلگىلەش.

## سەككىزىنچى ماددا. ئامېرىكا پۇقرالىرى ۋە ئائىلىلىرىنى (خىتاي تەرىپىدىن) قورقۇتۇلۇش ۋە زورلىنىشتىن قوغداش ھەققىدىكى دوكلات.

مەزكۇر قانۇن لايىھەسى كۈچكە ئىگە بولۇپ، 90 كۈن ئىچىدە، فېدېراتىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۆلەت سېكرېتارى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەدلىيە كومىتېتىغا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئىستىخبارات ئالاھىدە كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەدلىيە كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ دائىمىي ئىستىخبارات كومىتېتىغا بىر پارچە دوكلات سۇنۇپ، قانۇنلۇق ھالدا ئامېرىكادا ئوقۇۋاتقان ياكى ۋاقىتلىق خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ۋە خىتايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئامېرىكا زېمىنىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ياكى جاسۇسلىرى تەرىپىدىن پاراكەندە قىلىنغان ياكى قورقۇتۇلغان ئامېرىكا پۇقرالىرىنى ۋە ئائىلىلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى بارلىق تىرىشچانلىقلارنى قىسقىچە بايان قىلىشى كېرەك.

## توققۇزىنچى ماددا. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى باستۇرۇشىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىسادىي تەسىرى توغرىسىدىكى دوكلات.

(a) ئاساسىي مەزمۇنى: مەزكۇر قانۇن لايىھەسى كۈچكە ئىگە بولۇپ، 180 كۈن ئىچىدە، دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۆلەت سېكرېتارى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەدلىيە كومىتېتىغا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئىستىخبارات ئالاھىدە كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەدلىيە كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ دائىمىي ئىستىخبارات كومىتېتىغا (b) تارماق ماددىدا بايان قىلىنغان ئىشلار ھەققىدە بىر پارچە دوكلات سۇنۇشى كېرەك.

(b) ئۆز ئىچىگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار ـــ (a) تارماق ماددىدا تەلەپ قىلىنغان دوكلات تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

(1) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى سىياسەتلىرىنىڭ ئامېرىكاغا كۆرسەتكەن دۆلەتلىك ۋە رايونلۇق بىخەتەرلىك تەھدىتلىرى ھەققىدىكى مۆلچەر؛

(2) تۆۋەندىكىلەر ھەققىدىكى بايان:

(A) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۇتقۇن قىلىش ۋە كەڭ كۆلەملىك نازارەتنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋالغان ياكى تەرەققىي قىلدۇرغان تېخنىكىلار، بۇ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تىزگىنلەش ۋە كەڭ كۆلەمدە ئۇچۇر توپلاش ۋە تەھلىل قىلىشقا ئالاقىدار تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(B) بۇ خىل تېخنىكىلارنىڭ سېتىۋېلىنىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشىنىڭ ئامېرىكاغا ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتى؛ (3) تۆۋەندىكىلەرگە چېتىشلىق خىتاي شىركەتلىرىنىڭ تىزىملىكى:

(A) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى قۇرغان ياكى باشقۇرۇۋاتقان؛ ياكى (B) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش تېخنىكىلىرى بىلەن تەمىنلەۋاتقان ياكى باشقۇرۇۋاتقان؛ شۇنداقلا

(4) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى»نىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشتىكى رولى ھەققىدىكى بايان.

(c) دوكلات شەكلى: (a) تارماق ماددىدا تەلەپ قىلىنغان دوكلات ئاشكارا شەكىلدە سۇنۇلۇشى كېرەك، لېكىن مەخپىي قوشۇمچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ.

**ئونىنچى ماددا. مەخپىي دوكلات.**

دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىستىخبارات ساھەسىدىكى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغانلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئالاھىدە كومىتېتىغا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ دائىمىي ئىستىخبارات كومىتېتىغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تۆۋەندىكى جەھەتلەردىكى ئۇچۇر توپلاش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى مۆلچەرلەنگەن بىر پارچە مەخپىي دوكلات سۇنۇشى كېرەك:

(1) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش دائىرىسى ۋە كۆلىمى؛

(2) «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا يۈز بەرگەن ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى؛ ۋە

(3) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى شەكىللەندۈرىدىغان باشقا سىياسەتلىرى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

**https://www.govtrack.us/congress/bills/116/s3744/text**

# Uyghurs for sale

## 'Re-education', forced labour and surveillance beyond Xinjiang

Vicky Xiuzhong Xu

# ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا

with Danielle Cave, Dr James Leibold, Kelsey Munro, Nathan Ruser

ۋىكىي شۇ شيۇجوڭ، دانيېل كېيۋ، دوكتور جېيمس لېيبولد ، كېلسېي مۇنرو ، ناسان رۇسېر



## خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

مەملىكەت مىقياسىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى سىستېمىسىنىڭ زورىيىشى خىتايدا تىجارەت قىلىۋاتقان چەتئەل شىركەتلىرىنى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلتۈردى. ئۇلار قانداق قىلغاندا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ ۋە قانداق قىلغاندا ئۆز ماركىسىنىڭ مەجبۇرىي، كەمسىتىش خاراكتېرلىك ياكى خورلىغۇچى ئەمگەك بىلەن باغلىنىپ قېلىپ، ئىناۋەت ۋە قانۇنىي جەھەتتىن خەۋپكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ؟ خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئايرىلىشىپ كەتكەن تەمىنلەش زەنجىرى سەۋەبلىك، بۇ شىركەتلەرنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن باغلىنىشى بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پىلانى ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ چەتئەللەردىكى ئىناۋىتىنىمۇ خىرىسقا ئۇچراتتى.

ئاۋستralيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى جەمئىي **83** چەتئەل ۋە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر ئىشچىلاردىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بۇ شىركەتلەر تۆۋەندىكىچە (ئېنگلىزچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان):

(1) Abercrombie & Fitch، (2) ئېيسېر (Acer)، (3) ئادىداس (Adidas)، (4) ئالستوم (Alstom)، (5) ئامازون (Amazon)، (6) ئالما (Apple)، (7) ئاسۇس (ASUS)، (8) بېيجىڭ ئاپتوموبىلچىلىقى (BAIC Motor)، (9) BMW، (10) بومبارديېر (Bombardier)، (11) بوش (Bosch)، (12) BYD، (13) كەلۋىن كلېين (Calvin Klein)، (14) كەندىي (Candy)، (15) كارتېرس (Carter’s)، (16) چېررۇتى 1881 (Cerruti 1881)، (17) چاڭئەن ئاپتوموبىلچىلىقى، (18) سىسكو (Cisco)، (19) جوڭچې (中车) پاي چەكلىك شىركىتى شىركىتى، (20) دېل (Dell)، (21) ئېلېتىرولوكس (Electrolux)، (22) فىلا (Fila)، (23) فوۋېندېر گۇرۇھى (Founder Group)، (24) گۇاڭجوۇ ئاپتوموبىل گۇرۇھى، (25) GAP، (26) جىلى ئاپتوموبىلچىلىقى، (27) جېنېرال ئاپتوموبىلچىلىقى (General Motors)، (28) گۇگېل (Google)، (29) گېئېر شىركىتى (歌儿)، (30) H&M، (31) خەيئېر (海尔)، (32) Hart Schaffner Marx كاستيۇملىرى، (33) Hisense، (34) Hitachi، (35) HP، (36) HTC، (37) خۇاۋېي (华为)، (38) iFlyTek، (39) Jack & Jones، (40) جەگۇار (Jaguar)، (41) ياپونىيە كۆرسەتكۈچ ئېكران شىركىتى (Japan Display Inc)، (42) L.L.Bean، (43) لاكوستې (Lacoste)، (44) Land Rover، (45) Lenovo (联想)، (46) LG، (47) لىنىڭ (李宁)، (48) مايور (Mayor)، (49) مېيزۇ (魅族)، (50) مېرسېدىس بېنز (Mercedes-Benz)، (51) موررىس گارېيجىس (MG)، (52) مىكروسوفت (Microsoft)، (53) مىتسۇبىشى (Mitsubishi)، (54) مىتسۇمى (Mitsumi)، (55) نايك (Nike)، (56) نىنتېندو (Nintendo)، (57) نوكىيا (Nokia)، (58) The North Face، (59) ئوكۇلۇس (Oculus)، (60) ئوپپو (Oppo)، (61) پاناسونىك (Panasonic)، (62) Polo Ralph Lauren، (63) پۇما (Puma)، (64) روڭۋېي (荣威)، (65) شاڭخەي ئاپتوموبىلچىلىقى (上汽集团)، (66) سامسۇڭ (Samsung)، (67) SGMW، (68) شارپ (Sharp)، (69) سىمېنس (Siemens)، (70) سكېچېر ئاياغچىلىقى (Skechers)، (71) سونى (Sony)، (72) TDK Corporation، (73) تومىي خىلفىگېر (Tommy Hilfiger)، (74) توشىبا (Toshiba)، (75) چىڭخۇا توڭفاڭ (清华同方)، (76) يۇنىكلو (Uniqlo)، (77) ۋىكتورىيەنىڭ مەخپىيىتى (Victoria’s Secret)، (78) ۋىۋو (Vivo)، (79) ۋولكسۋاگېن (Volkswagen)، (80) شياۋمى (小米)، (81) زارا (Zara)، (82) زېگنا (Zegna)، (83) ZTE (中兴).

بۇنىڭ ئىچىدە بەزى ماركىلار بىر قانچە زاۋۇت بىلەن تەڭلا ھەمكارلاشقان.

يۇقىرىقى ئۇچۇرلار ئاشكارا ئېلان قىلىنغان تەمىنلىگۈچى تىزىملىكىنى، تاراتقۇ خەۋەرلىرىنى ۋە زاۋۇتلار ئۆزى ئېيتقان ئىش بەرگۈچى (ئالما، نايك دېگەندەك) شىركەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئاساس قىلغان. ئاۋستralيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى مەزكۇر **83** ماركىنىڭ ساھىبى بولغان شىركەتلەرنىڭ

ئالاقىدار تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى جەزملەشتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشتى. مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى جاۋاب بەرگەن شىركەتلەرنىڭ ئالاقىدار ئىزاھاتلىرى مەزكۇر دوكلاتقا كىرگۈزۈلدى. ئەگەر باشقا ھەرقانداق شىركەت مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرغان بولسا، بىز ئۇنى دوكلاتنىڭ تور بەت نۇسخىسىغا كىرگۈزىمىز.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە 54 شىركەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك پىلانىغا چېتىشلىق (قوشۇمچىگە قارالسۇن) بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىشلىق 83 شىركەتنىڭ ئارىسىدا بار. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش مۇھىمكى، بارلىق شىركەتلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. مەزكۇر شىركەتلەرنىڭ بەزى مەھسۇلاتلىرى بىۋاسىتە مۇشۇ ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققان بولسا، يەنە بەزىلىرى مۇرەككەپ تەمىنلەش زەنجىرى ئارقىلىق روياپقا چىقماقتا.

دوكلاتىمىزنىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچىدە 2017 – يىلىدىن بۇيانقى «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» نامىدىكى 35 ئەمگەك كۆچى يۆتكەش پروگراممىسى تىزىمغا تۇرغۇزۇلغان. مەزكۇر جەدۋەل تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- خىتاينىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەش ئەھۋاللىرى
- شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدىكى مەخسۇس زاۋۇتلارغا يۆتكەش ئەھۋاللىرى
- زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەنلەرنىڭ سانى
- ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار
- بۇ زاۋۇتلار مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىقىنى ئېيتقان شىركەتلەر

ئۆتكەن ئۈچ يىلدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» سىستېمىسى خەلقئارانىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغانىدى. ئەمدىلىكتە «قايتا تەربىيەلەش» كۈلتۈرى ۋە روھى شەرقىي تۈركىستاندىن ھالقىتىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە يانداشتۇرۇلماقتا.

دوكلاتىمىز ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پىلانى ئارقىلىق خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان بەزى ئىشچىلارنىڭ بىۋاسىتە شەرقىي تۈركىستاندىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىن ئەكېلىنگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئىلگىرى لاگېرغا قامالغانلىقى مەلۇم بولمىغان بەزى شەرقىي تۈركىستانلىق يەرلىك مىللەت كىشىلىرىمۇ قولغا ئېلىنىش تەھدىتى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراش ۋە ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراش خەۋپى سەۋەبىلىك، بۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل قىلمىشلار بىلەن بۇلغانغان خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرى تۈپەيلى، خىتاي ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىغا جەزم قىلىش مۇشكۇل بولۇۋاتىدۇ (143).

بىز نۇرغۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرى ۋە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ (قۇلغا ئوخشاش ئىشلەتكىلى بولىدىغان، ت) ئۇيغۇر ئىشچىلىرى بارلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان، تەيگۇاڭ (144) ۋە خاۋيۇەنپېڭ (145)غا ئوخشاش زاۋۇتلاردىن زاپچاس ياكى مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. مەيلى ئىشغال ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا، ياكى خىتاينىڭ ئۆز ئۆلكىلىرىدە ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان ھەرقانداق مەھسۇلات مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلارنىڭ قولىدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن بولغاچقا، خىتايدىن مەھسۇلات سېتىۋېلىۋاتقان شىركەتلەر ۋە ئىستېمالچىلار يېڭى تەھدىتكە، يەنى ئىناۋەت ۋە قانۇن جەھەتتە

خەۋپكە ئۇچراتماقتا. بۇ ئەھۋال ئاشۇ شىركەتكە مەبلەغ سالغۇچىلار (شەخسىي مەبلەغ سالغۇچىلاردىن سەرمايە باشقۇرۇش فوندلىرىغىچە)نىمۇ يېڭى خەۋپكە ئۇچراتتى، يەنى ئۇلار ھازىر ئۆزىنىڭ ۋاستىلىك ھالدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىشى مۇمكىن.

## تەۋسىيەلەر

دوكلاتىمىزدا جەزملەشتۈرۈلگەن كەمستىش خاراكتېرلىك ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاسلار ئۇيغۇر ياكى خىتاي ئەمگەكچىلەرنى ئويلاشمايلا رەت قىلىشقا سەۋەب بولماسلىقى كېرەك. مەسىلە ئۇيغۇرلارنى ئېتىراپ قىلىنغان خەلقئارالىق ئەمگەك قانۇنلىرىغا خىلاپ شارائىتتا، تەھدىت ئاستىدا ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان سىياسەتتۇر. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا، (مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان) ئۇيغۇرلارنى ئۆزى خالىمىغان ھالدا، بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدىغان شەرقىي تۈركىستانغا قايتۇرۇۋېتىلىش دېگەندەك نۆۋەتتىكىدىنمۇ ئېغىر كۆنگە قالدۇرماسلىققا دىققەت قىلىش پەۋقۇلئاددە مۇھىم. بىز ئۇشبۇ دوكلاتتىكى بايقاشلىرىمىز ئاساسىدا، شۇلارنى تەۋسىيە قىلىمىز:

خىتاي ھۆكۈمىتى:

- دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلاردىكى خورلىغۇچى ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋاللىرىنى چەكلىمىسىز ھالدا تەكشۈرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.
- خىتايدىكى بارلىق ئىشچىلارنىڭ، بولۇپمۇ (ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش) ئاجىز، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ياتاق شارائىتىنى بەلگىلىشى كېرەك.
- خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ئەمگەك ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىشى؛ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دېلولارنى تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك شىكايەت قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىشى؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قوغدىشى ۋە داۋالىشى؛ شۇنداقلا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزۇشى كېرەك.
- خىتاي پۇقرالىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى، جۈملىدىن خىتاي ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مىللىي ۋە دىنىي ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغدىشى كېرەك (146).

تەمىنلەش زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىۋاتقان شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەيدىغان ياكى تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك خەۋپىنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىشى مۇمكىن.

مەزكۇر دوكلاتتا تىزىمغا تۇرغۇزۇلغان بارلىق شىركەتلەر:

- ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قارىتا، پۇختا ۋە مۇستەقىل ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەخىرسىز، تەلتۆكۈس ۋە جىددىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشى لازىم.
- ئەگەر زاۋۇتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىغا چېتىشلىقى بارلىقىنى بايقىسا، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بۇ خىل ناباب ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى كېرەك. (ئىشچىلارغا قارىتا) ھەرقانداق زىيان – زەخمەت كۆرۈلگەن ئەھۋالدا، شىركەتلەر مۇۋاپىق ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلالمىسا، (مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق) بۇ زاۋۇتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى توختىتىشى كېرەك.
- بارلىق يوشۇرۇن زىيان – زەخمەتلەرنى تۈگىتىش ئۇرۇنۇشلىرى داۋامىدا چوقۇم ئوچۇق – ئاشكارا بولۇشى، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ۋە بايقاش نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىشى كېرەك.

**چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى:**


- **پۈرسەت تېپىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك سالماسلىق ۋە (خىلمۇخىل سىياسەتلەر ئارقىلىق) بۇ ئىشنى قولايلاشتۇرۇپ بەرمەسلىك ھەققىدە؛ شۇنداقلا كەڭ كۆلەملىك قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىش قىلمىشلىرىنى توختىتىش ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك كۆچى يۆتكەش پىلانىغا مەسئۇل بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا قارىتا نىشانلىق ئېمبارگو يۈرگۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**
- **سودا كېلىشىملىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان تاۋار ۋە مەھسۇلاتلارغا چەكلىمە قويۇشى كېرەك.**
- **پۈرسەت تېپىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى 1930 – يىلى ماقۇللانغان (29 – نومۇرلۇق) «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى»گە (148)، 1957 – يىلى ماقۇللانغان «مەجبۇرىي ئەمگەكنى بىكار قىلىش ئەھدىنامىسى»گە (105 – نومۇرلۇق) (149) ۋە «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى»نىڭ 2014 – يىلىدىكى كېلىشىمىگە (150) ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلىشى كېرەك.**

**ئىستېمالچىلار ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقراۋى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق – مەنپەئەتىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى:**

- **خىتايدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىۋاتقان شىركەتلەردىن ئۆزىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىغا ھەمشېرىك ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بۇ (مەجبۇرىي ئەمگەك سېلىش قىلمىشى بار – يوقلۇقى) جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈشنى ۋە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.**
- **خىزمەت ئىچى – سىرتىدا، ئىشچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ رەقەملىك ئالاقىلىرىنى سىجىل، كۆپ قاتلاملىق نازارەت قىلىشنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتقان ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىق قىلىشى كېرەك.**
- **شىركەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە تېخىمۇ ئوچۇق – ئاشكارا بولۇشىغا، شۇنداقلا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.**
- **بۇ شىركەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرىدە، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلارنى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدىكى مەۋجۇت ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ياكى بۇ ھەقتە يېڭىدىن ئاشكارا ۋەدە بېرىشنى؛ شۇنداقلا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەندە تېز ۋە ئاشكارا تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.**

**( ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى دوكلاتنىڭ 48 -52- بەتلىرىگە قارالسۇن ) ( تۈگىدى)**
**https://www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئابدۇللا روزىباقىيېۋ

تونۇلغان سىياسىيون ۋە جامائەت ئەربابى، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ داڭدارلىرىدىن ئەخمەت ئوغلى ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ 1897 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ هازىرقى ئەمگەكچى قازاق ناھىيەسىنىڭ كېيىكباي يېزىسىدا تۇغۇلغان.

ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى رۇسچىدا ئوقۇغان بولۇپ، كېيىنچە ئالمۇتادىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە بوغالتىرلىق كۇرسىدا ئوقۇپ مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئالمۇتادىكى ۋەرنىي بانكىسىدا خىزمەت قىلغان.

ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ 1918 – يىلى ئالمۇتا شەھەرلىك كومپارتىيە تەشكىلىنىڭ مۇسۇلمانلار تارمىقى ۋە ئوبلاستلىق پارتكوم مىللىي مەسىلىلەر بۆلۈمچىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

1925 ~ 1927 – يىللىرى موسكۋادىكى سۋەردىلوۋسكى نامىدىكى كوممۇنىزم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.

ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا قازاق، رۇس، ئۆزبېك، تاتار تىللىرىنىمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماركسىزم – لېنىنىزم كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىدىغان مۇھەررىرلىك – تەرجىمە مەركىزىي ئىدارىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ «سادائى تارانچىدىن» باشلاپ، «كەمبەغەللەر ئاۋازى»، «فۇقارا»، «تىلچى»، «بىرىنچى چامدام» گېزىتلىرىگە رېداكتورلۇق قىلغان.

ئابدۇللا روزىباقىيېف 1920 ~ 1930 – يىللاردا يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سالاھىيەتكە ئىگە بولغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئالىي رەھبەرلىك دەرىجىسىدىن ھالقىپ موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدا مىللەتلەر ئىشلىرى بويىچە رەھبىرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1937 – يىلى ئالمۇتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قازاقىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات – ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى بولغان.

بۇ مەزگىلدە ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كوممۇنىست رەھبەرلىرى ئىچىدىكى ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت – مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئۇيغۇرلارنى زامانىۋى ئاڭ ۋە بىلىم بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىقىغا تىرەك بولىدىغان كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى بېكىتكەن. ئۇ كۆپ قېتىم رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ، ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىي قوزغىشىنى قوللاشنى تەلەپ قىلغان. ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئىنىسى ئابدۇمىجىت روزىباقىيېفنىڭ ئارخىپلاردىن ئېنىقلىشىچە، ئابدۇللا روزىباقىيېف 1922 – يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاب قوزغاش ھەققىدە ستالىنغا مەخسۇس خەت يازغان ھەمدە 1923 – يىلى موسكۋاغا «خىتاينىڭ غەربىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى توغرىسىدا ۋە ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ھەققىدە» دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان مەركىزىي كومىتېتلىرىغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە خەتلەرنى يازغان.

يەنە شۇ مەزگىلدە، ئەندىجان، تاشكەنت، ئالمۇتا قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ تۈرلۈك تەشكىلاتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلار ئۆز ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچى خىتاينىڭ ياڭ زېڭشىن – جىن شۇرېن ھاكىمىيەتلىرىنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان.

1917 – يىلى 5 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە بارى شاغابۇدىنوفنىڭ رەئىسلىكى، ئابدۇللا روزىباقىيېف سېكرېتارلىقىدا «قەشقەرىيە – جۇڭغارىيە ئىشچى – دېھقانلار ئىتتىپاقى» (بەزى مەنبەلەردە «ئالمۇتا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىرلەشكەن ئەمگەك ئىتتىپاقى» دەپمۇ ئېلىنغان) ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئادەم سانى ئالتە يۈزگە يەتكەن.

«قەشقەرىيە – جۇڭغارىيە ئىشچى – دېھقانلار ئىتتىپاقى» ئىسىملىك بۇ تەشكىلات 1921 – يىلى 6 – ئاينىڭ 4 – كۈنى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ رەھبەرلىكىدە تاشكەنتتە تۇنجى قېتىم قۇرۇلتاي چاقىرىپ، بۇ ناملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «ئىنقىلابىي ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» دېگەن نام ئاستىدىكى تەشكىلاتنى قۇرغان. مەزكۇر تەشكىلات قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتالغان ئاھالىلەرنىڭ ئايرىم خەلق ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستان-

نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كۆچۈپ چىققان بىر خەلق – ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، ئۇلارغا ئورتاق ئۇيغۇر نامىنى بېكىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلغان. ئۇلارنىڭ پروگراممىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قوشنا شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچى مىللەتارىست خىتاي ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېف 1923 – يىلى رۇسىيە بولشېۋىكلەر پارتىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە يوللىغان دوكلاتىدا، پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدە دوكلات بېرىپ، يەتتىسۇ رايونىدا 265 مىڭ، سىر دەريا رايونىدا 30 مىڭ، پەرغانە ئوبلاستىدا 300 مىڭ، تۈركمەنىستاندا 2500، سەمەرقەندتە 2500 بولۇپ، جەمئىي 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىنى قوللاش خۇسۇسىدا مەخسۇس خەت يازغان.( كوممۇنىزىم تۇغى گېزىتىنىڭ 1919-يىلى 3-سانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار-نىڭ سانى 900 مىڭدىن ئارتۇق دەپ ئېلان قىلىنغان)

1924 – يىلىغا كەلگەندە، موسكۋانىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ئاستىدا، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئايرىلغان. ئارقىدىنلا، ئۇلارغا ئايرىم تەۋەلىك بۆلۈپ بېرىلىپ، (ئومۇمىي) تۈرك مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ ئورنىغا (ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز دېگەندەك) ئايرىم مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى دەسسىتىلگەن.

مانا بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنى پارچىلاشنىڭ مودېلى بولغان تارانچى – قەشقەرلىك جېدىلى سوۋېت رۇسىيەسى-نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئېتنىك چېگرالارنى ئايرىش، مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى تەسىس قىلىش» شوئارى ئاستىدا تۈركىي خەلقلەرنى پارچىلىغان. ئۇ يىللاردا ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر بىر – بىرىنى «قەشقەرلىك»، «ئەنجانلىق» دەپ ئاتىشاتتى. 1924 – يىلىغا كەلگەندە «قەشقەرلىك» دەپ ئاتىلىشنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر»، «ئەنجانلىق» دەپ ئاتىلىشنىڭ ئورنىغا «ئۆزبېك» دەپ ئاتىلىدىغان مىللىي پەرق ئورۇن ئالدۇرۇلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر خەلقىنى سۈنئىي ئۇسۇللاردا مانا مۇشۇنداق پارچىلاۋاتقان يىللاردا، بۇلار يەتمىگەندەك ئۆزلىرىنى بىلەرمەن ھېسابلايدىغان بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، «تارانچىلار ئايرىم، قەشقەرلىكلەر ئايرىم مىللەت» دەيدىغان سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان جەنۇبلۇق ئۇيغۇرلار بىلەن شىماللىق ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىككى گۇرۇپپىسى بىر يەردە ئولتۇرمايدىغان، بىر – بىرىگە قىز بېرىشنى خالىمايدىغان بولۇشۇپ، ئۆزئارا دۈشمەنلىك ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش توغرۇلۇق شۇنچە خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىغان.

بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ قەتئىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، 1921 – يىلى 6 – ئاينىڭ 4 – كۈنى، تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە بۇرۇنقى تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىدىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ، «ئۇيغۇر» نامىنى رەسمىي ھالدا قانۇنلاشتۇرۇپ ئېلان قىلىدۇ. ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ئىلى ۋادىسىدىن چىققان ھەم يەرلىك تارانچىلار ئاساسلىقى يەتتە سۇ رايونىنى ئاساس قىلغان بولسا، قەشقەرلىكلەر، يەنى پۈتۈن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن كۆچۈپ چىققانلار پەرغانە ۋادىسىنى ھەمدە قىرغىزىستاننىڭ قاراقول، پىشپەك (بېشكەك) قاتارلىق شەھەرلىرىنى ماكان قىلغانىدى. ئادەتتىكى خەلق بىر چەتتە قېلىپ، تارانچىلاردىن چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن قەشقەرلىكلەردىن چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىر – بىرىنى قاتتىق سۆكۈشۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاق تىلىنى بېكىتىشتە يىگىرمە يىلغا يېقىن تالاش – تارتىش قىلىشقان. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار سابىرجان شاكىرجانوف باشچىلىقىدا قەشقەر دىئالېكتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى دېسە، ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلىرىدىن لاتىپ ئەنسارى قاتارلىقلار تارانچى شېۋىسىنى ئەدەبىي تىل قىلىمىز دېگەن. بۇ كۆرەشكە 1933 – يىلى ستالىن تەرىپىدىن

شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىپ، بىر مەزگىل قەشقەردە ساقچى بولغان، 1937 – يىلى مەمتىلى تەۋپىق (1901~1937) قاتارلىق، قەشقەر تۈرمىسىگە سولانغان 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر زىيالىيسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش پاجىئەسىنىڭ ئاساسلىق جاۋابكارلىرىدىن بىرى بولغان قادىر ھاجىمۇ قاتناشقان. ئۇ 1928 – يىلى «قۇتۇلۇش» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان بولۇپ، «قەشقەرلىكلەر ئايرىم مىللەت» دېگەن ئىدىيەنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرغىباتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بۇ گېزىتتە ماقالە يېزىپ، تارانچى بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىككى مىللەت ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلغان. ئۇلار بالىلىرىغا ئىلى شېۋىسىدىكى دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇتمايدىغانلىقىنى، چۈنكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تارانچىلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىغاندا تاتار تىلىنى ياخشىراق چۈشىنىدىغانلىقىنى شەرھلەشكە، دەلىللەشكە كۆپ تىرىشقان.

ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ بۇ ئىدىيەگە قەتئىي قارشى چىققان. ئۇ قادىر ھاجىچىلارنى تەنقىد قىلىپ، «قەشقەرلىك – تارانچى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا پەيدا قىلىنغان ناملار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئىككى مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى گۇرۇپپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئەمما قادىر ھاجى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلىرىنى ئۆزلىرى كېلىشىپ ھەل قىلىشىنىڭ ئورنىغا، ئۆز «رەقىب»لىرىنى ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق بابلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋنىڭ ئۈستىدىن بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ يۇقىرى ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭغا «پانتۈركىزمچى»، «پانئىسلامىزمچى»، «ئەنۋەر پاشانىڭ گۇماشتىسى» دېگەندەك ئاتالمىش جىنايەتلەرنى ئارتىپ، موسكۋانىڭ جازالىشىنى تەلەپ قىلغان. كېيىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي ئىدىيەسىنىڭ ھىمايىچىسى ھېسابلانغان ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋنىڭ گۇناھسىزلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان.

1937 – يىلىغا كەلگەندە، بۇ جېدەللەر ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان. ئەمما جاللات شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاندا تارانچى مىللىتىنى ياساپ چىقىپ، ئىلىدىكى تارانچى ۋە قەشەرلىك تەرەپدارلىرىدىن گۇماشتىلارنى تېپىپ، ئۇيغۇرلارنى بۆلۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەسلىدىن ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋغا قارشى بولغان، كېيىن غۇلجىغا قېچىپ كەلگەن ھۈسەيىن تارانوف تارانچى تەرەپدارى بولۇپ، شېڭ شىسەيگە ماسلىشىپ بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ 1937 – يىلى ئوخشاشلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق غايىسى ۋە ئارزۇسى موسكۋانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ستالىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىپ، خىتاي سىياستى ئۈچۈن ئويۇنچۇق قىلىپ بېرىدۇ.

ستالىن، شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى قوزغىلاڭلارنى ۋە 1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى سابىت داموللام (1183 ~ 1941)نىڭ باش مىنىستىرلىقىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنى ئۇجۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بارلىق ئۇيغۇر ھەرىكەتلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرىنى تەقىبكە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، 1937 – يىلىدىكى تازىلاش شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى – سىرتىدا تەڭلا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، چېگرانىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئارتىلغان ئاتالمىش جىنايەتلەر ئوخشاش بولغان. بۇلار «پانتۈركىست»، «پان ئىسلامىست»، «تىروتىسكىچى»، «خەلق دۈشمىنى»، «مىللەتچى»، «جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى ۋە ئىشپىيونى»، «خائىن» ۋە باشقىلار ئىدى.

ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغاندىمۇ ئۇنىڭغا ئارتىلغان ئاتالمىش جىنايەتلەرمۇ «پانتۈركىست»، «تروتىسكىچى»، «مىللەتچى» ۋە باشقىلار بولغان. قادىر ھاجى بولسا ستالىن تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، شېڭ شىسەيگە ياردەمچىلىككە ئەۋەتىلگەن ۋە ئۇنىڭ قولى ئۆز ۋەتىنىدىكى مىڭلىغان قېرىنداشلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن بويالغان.

قىسقىسى، 1937 ~ 1938 – يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن، شەرقىي تۈركىستاندا شېڭ شىسەي،

**مەيلىي تارانچى ئىدىيەسىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولسۇن، ۋەياكى قەشقەرلىك ئىدىيەسى ياكى ئومۇمىي ئۇيغۇر ئىدىيەسى بولسۇن، ۋەياكى ئومۇمىي تۈركچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولسۇن، بەربىر بارلىق ئۇيغۇر-لارنى قاربقويۇق جازالىغان.**

**ئومۇمەن، 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنە شۇ ھەرخىل ئىدىيەدىكى ئۇيغۇرلار بۇرۇنراق ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ئىدىيە ئاستىدا ئۆز ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تىرىشماي، ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بىردەك گۇمران قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئورتاق تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ.**

**شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ گەرچە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، (گەرچە 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاررۇسىيەنىڭ تۈركلەرنى پارچىلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزلەشتۈرۈش ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ) تارانچى، قەشقەرلىك، ئالتەشەھەرلىك دېگەندەك ناملارنىڭ ئورنىغا، بەش يۈز يىلدىن بېرى ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئاۋۋال يەتتىسۇ رايونىدا، كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا ۋە پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق غايىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.**

**تونۇلغان سىياسىيون ۋە جامائەت ئەربابى، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ 1938 – يىلى 41 يېشىدا ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.**

ئىزاھات: بۇ ماقالىنىڭ ئاساسلىق قىسمى تارىخ پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇننىڭ ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ھەققىدىكى ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتىدىن ئېلىندى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

**«100 مەشھۇر ئۇيغۇر» مۇھەممەدتۇرسۇن ئۇيغۇر.**
**«ئاقساراي خىياللىرى» نەبىجان تۇرسۇن.**
**«پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق – ئۇيغۇرلار» نەبىجان تۇرسۇن.**
**«سىياسىي تەقىب قۇربانلىرىنى ئەسكە ئېلىش كۈنى» مىنامجان ئاسىمۇۋ.**



# كۇچار ئۇيغۇر تارخان بېگىگە ئالاقىدار بىر پارچە ھۆججەت



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

**1**

كۇچار تارخان بەگلىكى مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ چەنلوڭ زامانىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەسىس قىلغان قۇمۇل، لۈكچۈن، كۇچار قاتارلىق ئۈچ تارخان بەگلىكىنىڭ بىرسى بولۇپ، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باشقۇرىدىغان يەرلىك مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلىناتتى . تارخان بەگلىك چىڭ سۇلالىسى زامانىدا تەسىس قىلىنغان ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان فېئودال ئەمەلدارلىق تۈزۈم ئىدى. چەنلوڭ كۇچالىق مىرزا ھادىغا بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تارخان بېگى ۋە پەخرىي تۆرە ئۇنۋانىنى بېرىپ، كۇچار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق ئالتە شەھەرگە مەسئۇل قىلغان. مىرزا ھادى جەمەتى تارخان بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن 1758-يىلىدىن تاكى 1949-يىلىغىچە بولغان 191يىل ئىچىدە جەمئىي 10 كىشى بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

كۇچاردا تەخمىنەن 200 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن كۇچار تارخان بېگىنىڭ ئوردىسى كۇچار سېپىلى مەۋجۇت زامانلاردا، جەنۇبىي قوۋۇق يەنە قولتۇق قوۋۇقنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى «ۋاڭ ئوردىسى»نىڭ ئورنىدا ئىدى. ئوردىغا ئۆز زامانىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئاسارە ئەتىقىلىرى، كىتابلار، قول يازمىلار، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر توپلانغانىدى. 1937-يىلى ئونىنچى ئەۋلاد تارخان بەگ مەھپۇز ۋاڭ خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇمچىدە قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، ئوردا شىڭ شىسەينىڭ بايلىق توپلاشتىن باشقا ھەۋىسى بولمىغان ئاچ كۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان ۋە ئارقىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن . بۇلاڭ تالاڭدىن ئامان قالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى، قىممەتلىك قوليازما،

كىتابلار، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە 200 يىللىق تارىخقا ئىگە ئوردا ئىمارىتى كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان. شۇڭا كۇچار ئۇيغۇر تارخان بەگلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە تارىخىي ھۆججەت خارەكتىرلىك ماتېرىياللار ناھايىتى كەمچىلدۇر. يازما ماتېرىياللاردىمۇ ئۇنچە كۆپ ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان. موللا مۇسا سايرامىنىڭ « تارىخى ھەمىدى»،مۇھەممەت سىدىق قەشقىرىنىڭ «زەبدەتۇل مەسائىل» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ۋە ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان بىر قىسىم تەزكىرىلەردە قىسمەن ئۇچۇرلار ئۇچۇرغاندىن سىرت، باشقا ماتېرىياللاردا ھېچقانداق ئۇچۇر ئۇچۇرمايدۇ . قالغان ماتېرىياللار زاماندا‌شلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇق-جەمەتىنىڭ ئېغىزاكى بايانلىرىدۇر.

**2**

مۇھەممەت ئىمىن چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تارخان بەگلىككە تەيىنلەنگەن ئەڭ ئاخىر بەگ بولۇپ، **1910**-يىلى، يەنى شۈەنتۇڭنىڭ **2**-يىلى كۇچاردا دادىسى مىرزا ماموٗت بەگنىڭ مەنسەپ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. مۇھەممەت ئىمىن **1861**-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، بەگلىك تەختىدە ئولتۇرغاندا **49** ياشتا ئىدى. **1911**-يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا خىتاي مىللەتچىلىرى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، مۇھەممەت ئىمىن جۇمھۇرىيەتنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، مىنگونىڭ **2**-يىلى ، يەنى **1913**-يىلى **3**-ئاينىڭ **24**-كۈنى مىنگو ھۆكۈمىتى مۇھەممەت ئىمىنگە چىنۋاڭلىق(شاھزادە) مەرتىۋىسىنى بېرىشنى قارارلاشتۇرغان. مىنگونىڭ **3**-يىلى ، يەنى **1914**-يىلى **11**-ئاينىڭ **27**-كۈنى مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ موڭغۇل-تىبەت كومىتېتى مىنگو ھۆكۈمىتى پىرېزىدېنتىنىڭ مۇھەممەت ئىمىنگە چىنۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى بېرىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغان.

**1916**-يىلى ياڭ زېڭشىن مۇھەممەت ئىمىن بەگكە لەشكىرىي ئەمەل بېرىپ، ئۇچتۇرپان چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىگەن. مۇھەممەت ئىمىن ئۇچتۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن، لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇيغۇرلارنى يۈز بېشى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇ مەزگىللەردە ئۇچتۇرپانغا كەلگەن سىيىت نوچىغا ئىززەت-ئېكرام كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغان ۋە سىيىت نوچىنى لەشكىرىي مەشقاۋۇللۇققا تەكلىپ قىلىپ، لەشكەرلىرىنى مەشقلەندۇرگەن. گەرچە مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۇچتۇرپاندا سىيىت نوچى بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەنلىكى ۋە سىيىت نوچىنى ئەسكەرلىرىگە مەشقاۋۇللۇققا تەكلىپ قىلغانلىقى بىر تارىخىي ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەمما سىيىت نوچىنىڭ ئۇچتۇپانغا قاچان كەلگەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار بىردەك ئەمەس. ئابدۇكېرىم ئېزىز تەرىپىدىن يېزىلغان « كۇچار ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى»، ئىمام مۇھەممەت تەرىپىدىن يېزىلغان « سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاندا» دېگەن كىتابلاردا ۋە مەمتىمىن بائىزىنىڭ «كۇچار تارىخ ماتېرىياللىرى »نىڭ 5-ساندا ئېلان قىلغان كۇچار ۋاڭلىرى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە سىيىت نوچىنىڭ ئۇچتۇرپانغا كەلگەن ۋاقتىنى **1917**-يىلى دەپ ئالغان. بىراق مۇھەممەت ئىمىن قۇربان تۇغلۇقنىڭ « سىيىت نوچىنىڭ ھايات-ماماتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى » ناملىق ماقالىسىدا سىيىت نوچىنى **1922**-يىلى ئۇچتۇرپانغا كەلگەن، دەپ قەيت قىلىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە سىيىت نوچىنىڭ ئۇچتۇرپاندا مۇھەممەت ئىمىن بەگكە قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت لەشكىرىي مەشقاۋۇل بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر يوق. سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاندىكى ۋاقتىدا مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇچتۇرپانغا مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ كەلگەن ماشاۋۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ۋە سىيىت نوچىنى قاتتىق قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ماشاۋۇ سىيىت نوچىغا دەرھال قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. سىيىت نوچى داۋۇت تاقىچىنىڭ قىزى ھۆسنەرخان بىلەن توي قىلىپ، ئۇچتۇرپاندا تۇرۇپ قالىدۇ .

مۇھەممەت ئىمىن بەگ **1923**-يىلى **6**-ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۇچتۇرپاندا ۋاپات بولىدۇ . مۇھەممەت ئىمىن بەگ ھايات ۋاقتىدا جەسىتىنى كۇچارغا ئەكېتىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ جەسىتىنى كۇچارغا ئەكەتمەكچى بولىدۇ . بىراق **6**-ئايدا ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۇچار-

غا يېتىپ بارغۇچە يولدا جەسەتنىڭ سېسىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈچتۇرپانغا ۋاقىتلىق دەپنە قىلىدۇ. شۇ يىلى 10- ئايدا جەسەتنى ئورنىدىن يۆتكەپ، ئات هارۋىسىغا بېسىپ، كۇچارغا ئېلىپ كېلىدۇ. كۇچاردا قايتىدىن چوڭ كۆلەملىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، كۇچار ئىشخىلا يېزىسىدىكى جەمەت قەبرىستانلىقى بولغان كۆك گۈمبەز قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىدۇ. بىراق بۇ قەبرىستانلىق 1966-يىلى ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا چېقىپ تۈزلىۋېتىلگەن ۋە توپىلىرى ئوغۇت سۈپىتىدە ئېتىزلىققا چېچىلغان. كۆك گۈمبەز قەبرىستانلىقى ئاللىقاچان يەر يۈزىدىن غايىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر كۆك گۈمبەز قەبرىستانلىقى جايلاشقان مەھەللىنىڭ نامىنى هازىرغىچە كۆكگۈمبەز مەھەللىسى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت ئىمىن بەگ ئۈچتۇرپاندا تۇرغان ۋاقىتىدا تۇرپاندا خەلق ئارىسىدا مۇھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مۇھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سىيىت نوچى ئۈچتۇرپاندا كونا رەقىبى ماشاۋۇ تەرىپىدىن قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغان . سىيىت نوچى ئۆزىمۇ مۇھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭدەك هىمايىچىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۈچتۇرپاندا تۇرۇۋېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى هېس قىلىپ، قەشقەرگە بېرىش خىيالىغا كەلگەن. سىيىت نوچىنىڭ قەشقەرگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان هېلىگەر ماشاۋۇ سىيىت نوچىنى قەشقەردىكى ماتىتەيىنىڭ قولى بىلەن جايلاش ئۈچۈن، پىلان تۈزگەن. سىيىت نوچى قەشقەرگە ماڭىدىغان چاغدا، ماشاۋۇ قولىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ، دوسلۇقىنى ئىپادىلىگەن ۋە سىيىت نوچىغا بىر پارچە خەت بېرىپ، ماتىتەيگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تاپىلىغان. سىيىت نوچى 1924-يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، 4-ئاينىڭ 26-كۈنى قەتل قىلىنىغان. ئەگەر سىيىت نوچىنىڭ قەشقەردە قەتل قىلىنغان ۋاقتىنى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن، دەپ قارىساق، سىيىت نوچىنىڭ ئۈچتۇرپانغا 1922-يىلى كېلىپ، مۇھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ بىلەن تونۇشۇپ ، لەشكەرلىرىگە مەشقاۋۇل بولغان ۋاقتى ناهايىتى قىسقا بولغان بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەت ئىمىن بەگ 1923-يىلى 6 ئايدا ۋاپات بولغان. بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئالغاندا، سىيىت نوچىنىڭ ئۈچتۇرپانغا 1922-يىلى كېلىشى رېئاللىققا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا سىيىت نوچىنى ئۈچتۇرپانغا 1917-يىلى كەلگەن دەپ ئېلىش يەنىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق.

**3**

مۇھەممەت ئىمىن بەگ ئۈچتۇرپاندا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدە، ئۈچتۇرپان چېگراسىدىن كىرگەن چار رۇسىيەنىڭ بىر بۆلەك ئاقلار ئارمىيەسىنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇپ، چېگرىدىن چىقىرۋەتكەنلىكى ۋە ماشاۋۇغا ھەمكارلىشىپ قەشقەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان قىساسىغا بوغۇلغان مافۇشىڭ، يەنى ماتىتەيىنى ئۈستىلىق بىلەن تۇتۇش قاتارلىق بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەرگە شاهىت بولغانلىقى هەققىدىكى هېكايىلەر كۇچار تارىخان بەگلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

1920-يىلى چار رۇسىيەنىڭ قىزىل ئارمىيەدىن يېڭىلگەن ئاقلار ئارمىيەسى ئۈچتۇرپان چېگراسىدىن ئۆتۈپ تاغلىق رايوندا پاناهلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەت ئىمىن بەگ قول ئاستىدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى باشلاپ، چار رۇسىيەنىڭ چېگرىدىن ئۆتكەن 200 نەپەر ئاتلىق ئەسكىرىنى يوقلاپ بارىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەلەيدۇ . ئاقلار ئارمىيەسى ئۆزلىرىنىڭ كورلا تەرەپلەرگە كېتىش خىيالى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بەگ ئۇلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇشۇش پىلانىنى تۈزىدۇ ۋە ئۇلارنى مېهمان قىلىپ كۈتىۋالىدۇ . مۇھەممەت ئىمىن بەگ ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلارغا خەلقنى چۈچىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قوراللىرىنى بىخەتەر بىر يەرگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئىشەنگەن ئىككى ئادەمنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ ،ئاندىن يۆتكىلىش، يۆتكىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇراللىرىنى ئەكېتىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئاق ئورۇسلار مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ تەكلىپى بويىچە قوراللىرىنى يىغىپ، بىر يەرگە مۆكتۈرۈپ

قويۇپ، يۆتكىلىشكە باشلايدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بەگ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ قورالللارنى ساقلاۋاتقان ئىككى قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، قۇراللارنى ئېلىۋالىدۇ، ئاندىن بارلىق ئاق ئورۇس ئەسكەرلەرنى بىراقلا تۇتقۇن قىلىدۇ. ئىش پۈتكەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەسىرگە چۈشكەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى قوراللىرى بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

«كۇچا ۋالىلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ ئۇچتۇرپاننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى ماشاۋۇ بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەشقەردىكى قانخور ماتتەيىنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىراق شىرىپ خۇشتار تەرىپىدىن يېزىلغان« شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر » ناملىق كىتابتا ماتتەيىنىڭ **1924**-يىلى **5**-ئايدا ماشاۋۇ ۋە رامىزان ھاجىلارنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇچتۇرپان ۋە كۇچاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننىڭ قەشقەرگە بېسىپ كىرىشى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، دارغا ئېسىلغانلىقى يېزىلغان. ماتتەيىنىڭ **1924**-يىلى قەشقەردە ماشاۋۇ تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغانلىقىنى ئومۇمىي تارىخچىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر ئۇچۇردۇر. مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى **1923**-يىلى **6**-ئايدۇر. دېمەك « كۇچا ۋالىلىرىنىڭ تارىخى»دا يېزىلغان مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ ماتتەيىنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس.

## 4

مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھەممەت ئىمىن بەگنى چىنۋاڭلىققا تەيىنلەش ھەققىدىكى پىرېزىدېنت بۇيرۇقى خىتاي، ئۇيغۇر، موڭغۇل بولۇپ، ئۇچ خىل تىل ، ئۇچ خىل يېزىقتا يېزىلغان. ئۇچ خىل يېزىقتىكى مەرتىۋە بۇيرۇقىغا تامغا بېسىلىپ، مىنگونىڭ **2**-يىلى **3**-ئاينىڭ **24** –كۈنى، دەپ چېسلا يېزىلغان.

ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ ئوقۇلۇشى تۆۋەندىكىچە، ئوقۇش مۇمكىن بولمىغان قىسمەن يەرلىرى كۆپ چېكىت بىلەن ئاق قالدۇرۇلدى.

خۇدانىڭ فەرمانى بىرلە، دازۇڭ تۇڭ نىڭ ئەمرى پەرمانى بىرلە، ئوبدان ئىشنى ئىلتىپاتلارنى بار ئىقلىمنىڭ ئوبدان ئۇزۇن بار ئۇلۇغ مىراسىنى يەنە بار ئۇلۇغ كىشى راھەتى رەئىيئە (پۇقرا) لارنىڭ ئىشىنى ئوخشاش .......... ھەممە رەئىيئەلار كىشىنى ھەزرەتلارنى كۆڭلىنى ئوخشاش كۆچانىڭ بارلىقى چۈن ۋاڭ ھىممەتى ھەم راھەتى ..... چىڭ (چىن) كۆڭلى بىرلە شاد ھەم خۇشال قىلدىم. دەپتىرى دازۇڭ تۇڭ....... ئوتۇز توقۇزىنچى شەرتى ...(چان فوان- چىڭ ۋاڭ نىڭ ئوقۇلۇشى).... چىڭ ۋاڭ مىراسىنى بەردىم. كۆچادا ھىممەت ھەم چىڭ ۋاڭ مىراسىنى ئىلتىپاتى دىن كېيىن ئوبدان باشلاسۇن. يەنە كۆچا يۇرتلاردا ھەممە رەئىيئەلەرنى چىڭ (چىن) كۆڭلى بىرلە خىزمەت قىلغاي سىزنى ئاب .... بار تەئزىم (تازىم) تەئزىم قىلدىم. مېنىڭ يارلىغنى دازۇڭ تۇڭ نىڭ ئىلتىپات خېتى ئىبەرىب بەردىم.

خىتايچە تېكىستنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

پىرېزىدېنت پەرمانى

لاياقەتكە قاراپ مۇكاپاتلاش توغرىسىدا، دۆلەت چىقارغان ئالىي دەرىجىلىك بەلگىلىمىلەر بار. ئاقسۆڭەكلەر ئادەتتىكى پۇخرالارنىڭ ئۆلگىسى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت يولىنىشى كەڭ ئاممىنى تەربىيەلەيدۇ . شىنجاڭ كۇچار ناھىيە تارخان بېگى مەمەت ئىمىن جۇمھۇرىيەتنى قوللايدۇ ، تىرىشچان ۋە ھارماي-تالماي ئىشلەيدۇ. مەن پىرېزىدېنت ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق شەرتنامىنىڭ **39**-ماددىسىدىكى

بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا چىنۋاڭلىق ئۇنۋانىنى بېرىمەن. قول ئاستىدىكى ساداقەتمەن ۋە تىرىشچانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشى ئۈچۈن، بۇ ئىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ ئالدىن ئىجرا قىلىنىشى، ئىتائەتمەنلىك پوزىتسىيەسى بىلەن ئىجرا قىلىنىشى، ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرۈلمەسلىكى كېرەك .

(مەرتىۋەنامىنىڭ خىتايچىسىنى تەرجىمە قىلغان مۇھەممەت ئىمىن دوختۇرغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈمەن.)



# ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ

قۇرئاننى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە بۇ سەۋەبلىك خەلقنىڭ قەلب تۆرىدە ئورۇن ئالغان دىنىي زات مۇھەممەد سالىھ داموللام 2017-يىلى 12-ئايدا تۇتقۇن قىلىنغان. بۇ قاتاردا ئۇنىڭ جەددى جەمەتىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، مۇھەممەد سالىھ دامولامنىڭ قىزى، يازغۇچى نەزىرە مۇھەممەد سالىھ، كۈيئوغلى، شائىر ئادىل تۇنىياز قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. مەيلى مۇھەممەد سالىھ دامولامنى بولسۇن، مەيلى نەزىرە مۇھەممەد سالىھنى بولسۇن، ۋەياكى ئادىل تۇنىيازنى بولسۇن، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇلارنى بىلمەيدىغانلار يوق ھېسابتا. چۈنكى، ئۇلار مىللەتكە خىزمەت قىلىش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ئەسەر يازغان ۋە قولىدىن كېلىشىچە مىللەتنى مەرىپەت يولىغا يېتەكلىگەن زىيالىيلاردۇر.

ئۇستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى بىگۇناھ تۇتۇلۇپ كەتكەن مىليونلىغان خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىسىنىڭ كىملىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بىز پەقەت نەچچە مىليون ئىنساننىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنىلا بىلىمىز. شۇ تۇتقۇن قىلىنغانلار ئارىسىدا ئۇيغۇرنىڭ ئاز ساندىكى ئوت يۈرەك زىيالىي ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن، شۇنداقلا چەتئەلدە ئۇرۇق تۇغقىنى ئىز-دېرىكىنى قىلىۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ نام-شەرىپىنى دەپ بېرەلمەيمىز.

شۇنىڭدەك، بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ ھەققىدە بىزگە يەتكەنلىرى بەكمۇ چەكلىك. بىز پەقەت ئۇنىڭ مۇھەممەد سالىھ دامولامنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد سالىھ دامولام بىلەن بىر قاتاردا (ئەڭ كامىدا تۇتقۇن قىلىنغان ۋاقتى يېقىن كېلىدۇ) تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى بىلىمىز. بىزگە يەتكەن مەلۇماتلارغا كۆرە، ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ 1974-يىلى تۇغۇلغان. 1992-يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 2014-يىلى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ۋە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. تاكى تۇتۇلغۇچە مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا خىزمەت قىلغان. ئۇ تۇرمۇش قۇرغان بولۇپ، ئىككى پەرزەنتىنىڭ ئانىسى. ئىزدىنىشىمىزچە، ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرك يازغۇچىسى ئورخان پاموكنىڭ «جىمجىت ئۆي» ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئىكەن. پەمىمىزچە، ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ بۇ ئەسەرنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ئالدىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بۇ يىللاردا، تۈركچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئەسەر تەرجىمە قىلىش مۇمكىنسىزلىككە يېقىن بىر ئەھۋال. بۇ ئەسەر 2016-يىلى يىل بېشىدا ئاتالمىش «شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانلىقى مەلۇم.

مۇھەممەد سالىھ دامولامنىڭ ئاسىيە ئىسىملىك بۇ قىزىنىڭ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق. بەلكىم، ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن بەزىلىرى «مەلۇماتى يوق شەخس ھەققىدە ماقالە يازىدىغان ئىش نەدە بار ؟» دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. بىز بۇ يەردە ئاسىيە مۇھەممەد سالىھنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇرمايۋاتىمىز. پەقەت، مۇشۇنداق بىر شەخسنىڭ باشقا مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىر قاتاردا، خىتاي تۈرمىسىدە ئېغىر خورلاشلارغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى خەلقىمىزنىڭ ئېسىگە سېلىۋاتىمىز، ئۆزىمىز نام-شەرىپىنى بىلگەنلىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ، ئۇلارنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتىمىز. رېئاللىق شۇكى، ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ (ھاياتلا بولغان تەقدىردە) خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئەسىر. ئۇنىڭدەك مىڭلىغان ئاسىيەلەر ئېغىر خورلاشلارنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. ئۇلار ئاۋۋال بىر ئاللاھتىن، ئاندىن چەتئەلدىكى بىزلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ، جاھاندىكى ئەڭ تەس ھاياتلىقنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ ياشىماقتا ...

**گەرچە بىزنىڭ رېئاللىقىمىز ئىنتايىن ناچار ھالەتتە بولسىمۇ، بىز ئۈمىدىمىزنى ئۈزمەيمىز، بوشاشمايمىز. ئاسىيە مۇھەممەد سالىھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىليونلىغان خەلقىمىزنى ئۇنۇتمايمىز. كۈندىلىك ھاياتىمىزدا بەختسىز خەلقىمىزنىڭ قىز-ئوغلانلىرىنىڭ نام-شەرىپى يادلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنى ياد ئېتىش، ئۇلارنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتمەسلىك، ئۇلارنى تونۇشتۇرۇش – تارىخىمىزنى ئۇنۇتماسلىقنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى





# بىرۇنى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## كىرىش سۆز

فارابىدىن كېيىنكى يەنە بىر ئۇنتۇلغان گىگانت ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى مىلادى 973 - يىلى 5 - سېنتەبىر خارەزىمدە تۇغۇلغان . قاراخانىلار سامانىلارنى 999 - يىلى مۇنقەرز قىلغاندا ئۇ غەزنىگە كۆچۈپ كەتكەن . مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن ھىندىستان يۇرۇشىگە بىللە ئاتلىنىپ، شۇ يەردە قىرىق يىل ( 1001 - 1041 - يىللىرى ) ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ ، « ھىندىستان » ناملىق چوڭ ھەجىملىك ۋە مۇكەممەل تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ( مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى پارىژدا ( 6080 نومۇر ) بىلەن ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، شۇ نۇسخىدىن 1958 - يىلى ئەرەبچە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ خېلى داڭقى بار . ھەجمى 650 بەت ئەتراپىدا )

1048 - يىلى 13 - دېكابىر 75 ياشتىن ھالقىغان ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى ۋاپات بولغان.

ئەل بىرۇنى ، ھىجرىيە 4-ئەسىردىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى تەڭداشسىز ئالىملارنىڭ بىرى . ئۇ سەيياھ ، پەيلاسوپ ، ئاسترونوم ، جۇغراپىيەشۇناس ، گېئولوگ ، دورىگەر ۋە تارىخچى بولۇپ ، ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى تونۇلغان ئەڭ ئۇلۇغ ئەقىلنىڭ بىرى دەپ تەسۋىرلەنگەن . ئۇ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان . مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزى سىزغان دۇنيا خەرىتىسىدە بۇ قاراشنى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلىگەن . ئۇنىڭ ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە ، دورىگەرلىك ، تارىخ ، تەبىئىي پەن ۋە فىزىكا قاتارلىق نۇرغۇن ساھەدە جەمئىي بىر يۈز يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق كىتابى بار.

1973 - يىلى ئەل بىرۇنى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ، ئافغانىستان ۋە ئىران تەرەپ بەس - بەستە ھەر خىل خاتىرە پوچتا ماركىسى بېسىپ تارقىتىپ ئالىمنىڭ تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقىنى قۇتلۇقلىغان . ئۇيغۇر خەلقى يېقىنقى 71 يىلدىن بۇيان دۆلەتسىز ۋە ئىگىلىك ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرغاچقا ، ئەينى ۋاقىتتىكى قاراخانىلار ۋە چاغاتاي خانلىقى زامانىدا ھازىرقى جەنۇبىي قازاقىستان، قىرغىزىستان ، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردا ياشاپ ئۆتكەن تەڭداشسىز ئالىملىرىمىز شۇ جايدا ھازىر ياشاۋاتقان قېرىنداش خەلقلەر تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان . ھەتتا قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانلىقى ئۆزبېكلەرنىڭ ، شىمالىي ئىلىكخانلىقى قىرغىزلارنىڭ خانلىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان. ھازىرمۇ ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنىنى ئۆزبېكىستان بىلەن ئافغانىستان ئالىم ياشىغان تېررىتورىيەگە قاراپ تۇرۇپ دۆلەت تەۋەلىكىنى تالاشسا ، ئۇيغۇرلار بىلەن تاجىكلار ، تۈركلەر بىلەن پارسلار ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مىللىي كىملىكىنى تالىشىدۇ . ئەرەبلەردىكى تۈرك دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق ئالىملاردىن ئەبۇ نەسىر ئەل فارابى ، ئىبنى سىنا ، يۈسۈپ سەككاكى ، ئەھمەد يۈكنەكى ، ھەتتا جامال قارشىلارنىمۇ ئەرەب دەپ تونۇۋېلىش ، زادىلا چارە قالمىغاندا ئۇلارنى « مىللىتى پارس » دەپ تونۇۋېلىش ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ ، ئالەمشۇمۇل بەزى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە زامانىۋى گېن تەكشۈرۈش قوراللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىدە ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ، ھېچبولمىغاندا ھەقىقىي تۈركىي قەۋملەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ، خالاس .

### 1 . بىرۇنى تۇغۇلۇش ھارپىسىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتى ۋە سىياسىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقى

**( 1 ) : سەلتەنەتلىك قاراخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى**

تۈركىي تىللار دىۋانىدا شانلىق تارىخى بار، دۆلىتى بار، قەھرىمانلىق سۇپەتلىرى بىلەن تەرىپلەنگەن ئەزىز مىللىتىمىز ئەڭ كېچىكتى دېگەندىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 678 - يىلدىن بېرى ھازىرقى ۋەتىنىمىز، ئوتتۇرا ئاسىيا، ۋە موڭغۇل دالالىرىدا شانلىق سەلتەنەت سۈرۈپ كەلگەن ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە يۈز بەرگەن « ئىسكەندەرنىڭ

يۇرۇشلىرى » دىن كېيىن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ سەلتەنەت قۇياشى موڭغۇلىيەدە پارلىدى. مىلادى **6** - ئەسىردە ئالتايدىكى ئەرگىنەقۇن تۈركلىرى ئاتلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ، هازىرقى رۇسىيەدەك كېڭىيىپ، ئاسىيانىڭ مەركىزىدە باش كۆتۈردى.

**744** - يىلى قاغانلىق كۆكتۈركلەرنىڭ قولىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ غەرپتىكى ئىككى كۈچلۈك قېرىندىشى قارلۇقلار بىلەن ئوغۇزلارمۇ پەقەت « يابغۇ » نامىنى قوللاندى.

**840** - يىلى ئورخۇندىكى قاغانلىق يىمىرىلىپ، **841** - يىلى قاغانلىقنى قاراشلىق كەڭسۇ - كۆكنۇر ، بەشبالىق - جۇڭغارىيە، يەتتە سۇ - تالاس ، پەرغانە ۋە تارىم ۋادىسىدا كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى ( **840** - **1036**) ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ( **840** - **1391** ) ۋە قاراخانىيلار خانلىقى ( **840** - **1212**) قۇرۇلدى. **880** - يىلى قاراخان بىلگە كۆل قادىرخان قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئاستانىسى « بالاساغۇن» نى ئىگىلەپ، ئاندىن كېيىن ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان ئىدىقۇت ۋە ئۇدۇن خانلىرىنى قايتىدىن بېقىندۇرۇپ، كۆكتۈرك قاغانلىقى، ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى قاغانلىق « قاراخانىيلار قاغانلىقى » نى بارلىققا كەلتۈردى. قارلۇقلار « يابغۇ » نامى بىلەن قوشۇلۇپ، كېيىنچە باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك ئەجداتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. هازىرقى تۈركمەنىستاندا تۇرۇۋاتقان ئوغۇزلارمۇ يەنىلا « يابغۇ» لۇق نامىنى ساقلاپ، ئۆزلىرىنى قاغان دەپ ئاتىيالمىدى . چۈنكى شەرقتە قاراخانىيلار قاغانلىقى، غەربتە هازار قاغانلىقى بار ئىدى . ئوغۇز يابغۇلىقى ( **750** - **1056**) مىلادى **960** - يىللىرى بىر مەزگىل قاراخانىيلارغا تەۋەلىكمۇ بىلدۈرگەن ئىدى . بۇ چاغدا مەركىزىي ئاسىيادا قاراخانىلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان ۋە تىركىشەلەيدىغان بىردىنبىر سىياسىي كۈچ **874** - يىلى ماۋارائۇننەھىردە قۇرۇلغان داڭلىق سامانىلار خانلىقى ( **874** - **999** ) بولۇپ ، ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى مەشھۇر ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ( **750** - **1258** ) ئىدى . ئۇلارغا خەلىپە تەرىپىدىن « ئەمىر » ئۇنۋانى بېرىلگەن بولۇپ ، ئابباسىيلارنى شەرق ۋە شىمالدىكى مۇسۇلمان بولمىغان كۆچمەن تۈركلەرنىڭ پاسبانى قاراخانلار قاغانلىقىدىن قوغدايتتى .

( **2** ) قاراخانلار ۋە سامانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

قاراخانىلار ئەسلىدە **744** - يىلى ئەتىيازدا هازىرقى ئۆتۈكەندە قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ شۆھرىتى بۇرۇنقى بۈيۈك كۆكتۈرك قاغانلىقى ( **552** - **582** ) ، كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقى ( **679** - **744**) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ( **744** - **840** ) دىن ئېشىپ كەتكەن . ئۇنىڭ ئۆمرىمۇ يۇقىرىقى بارلىق خاقانلىقلارنىڭ ئۆمرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەن . قاراخانىلار دەسلەپتە ئاددىي بىر خانلىق دەرىجىسىدە بولۇپ ، بىلگە قادىرخاننىڭ زور تىرىشچانلىقىدا ئوتتۇز يىل ئىچىدىلا **120** يىللىق قارلۇق خانلىقى ( **756** - **876**) دىن ئېشىپ كېتىپ ، **878** - يىلدىن باشلاپ ، قارلۇقلارغا « يابغۇ » نامىنى بېرىپ ، قاراخانىلار خاقانلىقىغا ئايلانغان . « يابغۇ ( ۋەزىر )» نامىنى ئەسلىدە قارلۇقلارغا **823** - يىلى ئىلى - ئىسسىقكۆل ۋە تالاس ۋادىسىنى قايتا بويسۇندۇرغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى بەرگەن ئىدى . ئوغۇزلارمۇ **755** - يىلدىن تاكى **1055** - يىلغىچە ئۆزىنى « ئوغۇز يابغۇلىقى » دەپ ئاتىيالىغان . پەقەت قاراخانىلارلا « قاغان » ئۇنۋانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، بۇرۇنقى تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ۋارىسى بولغان . ھەتتا ئوغۇزلارمۇ **956** - يىلدىن **998** - يىلغىچە بىر مەزگىل قاراخانىلارغا بېقىنىپ ياشىغان .

بىلگە قادىرخان زامانىدا ، يەنى **874** - يىلى هازىرقى ئۆزبېكىستاندا سامانىلار خانلىقى قۇرۇلۇپ ، ئابباسىيلار خەلىپىسى تەرىپىدىن « ئەمىر » دەپ ئېتىراپ قىلىنغان . سامانىلار ئەسلىدە بەھرامگۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەسەد سامانىنىڭ باللىرى بولۇپ ، خۇراساندىكى تۇنجى پارس ئىسلام خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى تاھىر يېقىن

سەركەردىسى ئەسەدنىڭ تۆت ئوغلىنى، پەرغانە ، سەمەرقەند ، بۇخارا ۋە ھېراتنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن . كېيىنچە پەرغانىدىكى ئەھمەدنىڭ كۆچى زورىيىپ ، 824 - يىلدىن 865 - يىلى ئۆلگىچە خانلىق ئاساس تىكلىۋالغان . ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ناسىر 874 - يىلى خەلىپىنىڭ قوللىشىدا خانلىق قۇرۇپ ، كۆمۈش پۇل بېسىپ چىقارغان . ئەمما ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى بىلگە قادىرخاننىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا ، ئۇ قاراخان بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان . خەلىپە سامانىلارنىڭ قولى ئارقىلىق شەرقتىكى تاھىرىلار ۋە سافارىلارغا ئوخشاش خەتەرلىك قارام ئەللەرنى تىزگىنلەپ تۇرغان . 888 - يىلى بۇخارادىكى ئىنىسى ئىسمائىل ئاكىسى ناسىرنى مەغلۇپ قىلىپ ، سامانىلار شاھى بولۇۋالغان.

( 3 ) قاراخانىلار ۋە سامانىلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش

882 - يىلى بىلگە قادىرخان چوڭ ئوغلى بازىر ئارسلانخاننى بالاساغۇندا ، كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق بۇغراخاننى تالاستا ئىشقا قويغان.

892 - يىلى بىلگە قادىرخان ، ناسىر سامانى ۋە خەلىپە مۇئتەمەد قاتارلىقلار تەڭلا ۋاپات بولغان. ئوغۇلچاق بۇغراخان ئۇرۇشتىن سەل ئىلگىرى سامانىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ، يۈزسىز ئىسمائىلنىڭ ھەربىي غازاتلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن . ئەمما ئىسمائىل تېخىمۇ جانلانغان.893 - يىلى ئاپرېلدا سامانىلار شاھى ئىسمائىل زور قوشۇن بىلەن قاراخانىلارنىڭ 2 - پايتەختى تالاسقا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. قىرىق نەچچە كۈنگە سوزۇلغان مۇھاسىرىدىن كېيىن، نائىب خان ئوغۇلچاق بۇغراخان تالاستىن چېكىنىپ، پايتەختنى بالاسۇنغا يېقىن بولغان قەشقەرگە كۆچۈرگەن .

« تالاس ئۇرۇشى » ئىسمائىلنىڭ قاراخانىلار بىلەن قىلغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى ئۇرۇشى بوپقالغان . چۈنكى كېيىنكى 14 يىل ئۆمرى خەلىپە ئۈچۈن ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش، ئىران ۋە ئافغانىستاندا زېمىن ئىگىلەش ۋە ئىچكى توپىلاڭلارنى تىنجىتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن .

907 - يىلى ئىسمائىل ئەھمەد سامانى ئۆلۈپ ، ئوغلى ئەھمەد ئىسمائىل سامانى شاھى بولغان.

914 - يىلى بازىر ئارسلانخان ۋاپات بولغان . بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان يامان نىيەتلىك قارلۇق يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ، بالاساغۇندىكى قاراخانىلار خان جەمەتى ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنى قىرغىن قىلىپ ، قارلۇق خانلىقىنى تىرىلدۈرگەن . پەقەت شاھزادە سۇتۇق تېكىن بىلەن ئانىسىنى بىر قىسىم سادىق سەركەردىلەر ساق ئېلىپ كېلىپ ، قەشقەردىكى ئوغۇلچاق بۇغراخانغا تاپشۇرۇپ بەرگەن .

غەزەپلەنگەن ئوغۇلچاق بۇغراخان جازا يۈرۈشى قىلىپ ، قارلۇقلارنى قايتا بېقىندۇرۇپ ، ئاستانە بالاساغۇننى قەھرىمان سانغۇنغا تۇتقۇزۇپ ، چوڭ پايتەختنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن .دەل شۇ يىلى سامانىلار خانى ئەھمەد ئىسمائىل بوغۇزلاپ تاشلىنىپ ، ئورنىغا گۆدەك ئوغلى يەتتە ياشلىق ناسىر بۇخارادا تەختكە چىققان . ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىدا ئۇنىڭ دانا ئاكىسى ئەبۇ نەسىر سامانى سەمەرقەنتتە خان دەپ ئېلان قىلىنغان . كىچىك ناسىر زور قوشۇن ئەۋەتىپ ، سەمەرقەندتىكى ئۆزىنى قوللىمىغان مانى دىنى ئۇيغۇرلىرىنى قىرغان . بۇ قانلىق قىرغىندىن چۆچىگەن مۇسۇلمان ئەمەس ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر سامانىلار تەۋەسىدىن كۆچۈپ قەشقەردىكى بۇغراخانغا بېقىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇغراخان بىراقلا كۆچىيىپ كەتكەن . ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىمۇ ناسىرغا ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ « دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار سېنىڭ دۆلىتىڭدىكى مۇسۇلمانلاردىنمۇ كۆپ ، ناۋادا سەن ئەمدى بىر مانى ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرسەڭ، مەن تەۋەيىمىزدىكى بارلىق مۇسۇل-

مانلارنى ئۆلتۈرۈپ ھېساپ ئالىمەن!» دەپ قاراخانىلار نامىدىن تەھدىت سالغان . بۇنىڭدىن چۆچىگەن سامانىلار شۇنىڭدىن كېيىن ، مۇسۇلمان ئەمەس تۈركىي خەلقلەرنى ، بولۇپمۇ مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان .

920 - يىلى ئوغۇلچاق بۇغراخان سامانىلارنىڭ خان تاغىسى ئىسھاق بىلەن ، شاھزادىسى ئىلياسنى قوللاپ ، سەمەرقەندتە ئىسيان چىقارغان . ئەمما ناسىر تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، بۇ قېتىمقى ئىسيانىنى ئوڭۇشلۇق تىنجىتىۋالغان.

922 - 932 - يىللىرى ئارىسىدا ھەقىقي تەخت ۋارىسى ئەبۇ نەسىر سامانى ( 888 - 952 ) پەرغانىدىكى يوشۇرۇن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بۇغراخاننى پاناھ تارتىپ كەلگەن . ئوغۇلچاق بۇغراخان ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا « ئىنىڭىز سىزگە جاپا قىلغان بولسا مەن ۋاپا قىلاي !» دېگەن ، ھەمدە ئۇنى ئاتۇشنىڭ ئەمەلدارى قىلىپ قويغان . سامانىلارنىڭ دانا شاھزادىسىنىڭ قاراخانىلار پايتەختىدە ئەمەل تۇتۇشى ئەزەلدىن ئوغۇلچاق بۇغراخاندىن قورقۇپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنى جەلپ قىلغان. نەتىجىدە ئاتۇش شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا ئەڭ قايناق سودا بازىرىغا ئايلانغان .

مىلادى 932 - يىلى نويابىرنىڭ تۇنجى زۇلمەت ئاخشىمى قاراخانىلار خاقانلىقىنىڭ تارىخىي يۇزلىنىشىنى ئۆزگەرتكەن ۋەقە يۈز بېرىدۇ . 932 - يىلى 2 - نويابىر جۈمە چاشگاھ ۋاختى بىلەن ( ھىجرىيە 320 - يىلى زۇلھەججە 1 ) قەشقەر شەھىرى تېنچ قولغا كېلىدۇ . كېيىنكى بىر ھەپتىدە قەشقەر ۋە ئاتۇشتىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار سۇتۇق تېكىنگە يارىدەمگە كېلىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن 932 - يىلى 12 - نويابىر دۈشەنبە كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تارىختىكى تۇنجى قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ ، قۇتلۇق جۈمە خۇتبىسىدە سۇتۇق بۇغراخان مەدھىيلىنىدۇ . بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە بالاساغۇنغا يېتىپ كېلىدۇ . قاراخانىلارنىڭ ئوغۇلچاق بۇغراخان ۋە مانى دىنىدا چىڭ تۇرغان قارا خاقان جەمەتى ئەزالىرى ۋە دۆلەت ئەركانلىرى جەم بولۇپ ، بۇرۇنقى قارلۇق ئاقساقاللىرىدىن ياشتا ۋە ھۆرمەتتە چوڭ ،ئەلەمدە پىشقان بىر كىشىنى « ئارسلانخان » دەپ ئاتاپ ، بىر پۈتۈن قاراخانىلار قاغانلىقىنى بۆلۈپ تاشلايدۇ . سۇتۇق تېكىن ئۆزىگە « بۇغراخان » نامىنى تاللاپ ، ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ دانا پىكرى بويىچە ئالدى بىلەن ئۆزىنى كۈچەيتىش ۋە قەشقەر تەۋەسىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلايدۇ . ئارىدا نەچچە قېتىم بالاساغۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسياندىن ۋاز كېچىش ۋە مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغان . ئەمما ئۇلار دائىم كەسكىن رەت قىلغان.

941 - يىلى كۈچى تولۇپ تاشقان ، جەڭگىۋار مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن خىل قوشۇنى بار بولغان سۇتۇق بۇغراخان بالاسۇندىكى ئىسيانچى « ئارسلانخان »غا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىپ ، 942 - يىلى 22 - ئاپرېلدا بالاساغۇننى قايتۇرۇۋېلىپ ، قاراخانىلارنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن . ئاندىن ئۇدا يۈرۈش قىلىپ ، 943 - يىلى 20 - ئاپرېلدا ( يەنى ئىسمائىل سامانى تالاسنى تارتىۋالغانغا دەل ئەللىك يىل بولغان كۈنى ) ئەللىك يىل ئىلگىرى سامانىلار دادىسى ۋە تاغىسىدىن تارتىۋالغان تالاسنى قايتۇرۇپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان . چۈنكى ئۇلار تېخىچە قاراخانىلار توغرىلىق ھېچنىمە بىلمىگەن ئىدى . شۇڭا ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ قاراخانىلار تارىخىنى 942 - يىلدىن باشلىشى ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس .

ئىسلام تارىخشۇناسلىرى :« توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ ، زامانىمىزدا ( يەنى 943 - يىلىدا )

ھېچكىم بۇ خاقان بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ » دەپ سۈتۈق بۇغراخاننىڭ ھەيۋىسىنى بايان قىلغان. 956 - يىلى فېۋرالدا ( قۇربان ھېيتتا) سۇلتان سۈتۈق بۇغراخان زەھەرلىنىپ يېتىپ قالغان.

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كەتكەن . كىمنىڭ زەھەرلىگىنى ئېنىقلانمىغاچقا، خان جەمەتى ئەزالىرىدىن باشقا ئاز ساندىكى ئىشەنچىلىك كىشىلەرلا بۇغراخاننى يوقلاپ تۇرالىغان . خەۋەر قاتتىق كونترول قىلىنغاچقا ، بۇغراخاننىڭ كېيىنكى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئىسلام تارىخچىلىرى يەڭگىللىك بىلەن شۇ يىلقى قۇربان ھېيت مەزگىلى بولغان ھىجرىيە 344 - يىلىنى بۇغراخاننىڭ ۋاپات بولغان ۋاختى قىلىپ خاتىرىلەپ قويغان . ئەمما دىۋاندىكى پولاتتەك پاكىتلار ۋە بۇغراخان ۋاپات بولغان « ئاقمەت » خارابىسىنىڭ تېپىلىشى ، بۇ جاينىڭ سالقىن ھاۋالىق بولۇپ ، بۇغراخان زەھەرلەنگەندىن كېيىن بىر مەزگىل مۇشۇ سالقىن جايدا ئارام ئالغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ . شۇنداق بولغاندا سۇلتان سۈتۈق بۇغراخان 28 - ئىيۇندىن 28 - ئىيۇلغىچە بولغان ئەڭ تىنجىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋاپات بولغان بولىدۇ .

بۇغراخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن چوڭ ئوغلى مۇسا بۇغراخان ( 956 - 958) چوڭ قاغان ، ئۇكىسى سۇلايمان ئارسلانخان ( 958 - 970 ) نائىپ قاغان بولۇپ ، بالاساغۇندا ھۆكۈم سۈرگەن .

سۇلايمان ئارسلانخان ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى پايتەختنى بالاساغۇنغا كۆچۈرگەن بولۇپ ، بۇ جايدا چوڭ ئوغلى ھارۇن بۇغراخان تۇرغان .سۇلايمان ئارسلانخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جىيەنى « ئەلى ئارسلانخان ( مۇسا بۇغراخان ئوغلى 970 - 998 ) چوڭ قاغان بولۇپ قەشقەردە ، ئوغلى ھارۇن بۇغراخان نائىپ قاغان بولۇپ بالاساغۇندا ھۆكۈم سۈرگەن. ھارۇن بۇغراخان تۇنجى شىمالىي ئىلىكخان سۈپىتىدە قەشقەردىكى تاغىسى قاغان ئەلى ئارسلانخانغا داۋاملىق مەدەت بېرىپ تۇرغان .

ھارۇن بۇغراخان ( 970 - 997 ) مىلادى 990 - يىلى ئىسپىجاپنى سامانىلار قولىدىن ئېلىپ ، سامانىلارغا قارشى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشنى باشلاپ، مەركىزىي ئاسىيانى قاراخانىلارنىڭ سەلتەنىتى ئاستىغا ئالماقچى بولغان . ( مەزكۇر ئىسپىجاپنى نۇھ سامانى 840 - يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقى غۇلىغاندا بېسىۋالغانىدى ). ئاقىۋەت 993 - يىلى سامانىلار مۇنقەرز قىلىنغان . ( بۇ دەل ئىسمائىل سامانى تالاسقا ھۇجۇم قىلىپ، قاراخانىلارغا جەڭ ئېلان قىلغىلى ساق 100 يىل بولغان چاغ ئىدى .

( 4 ) قاراخانىلارنىڭ سامانىلارنى يوقىتىشى

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك ، قاراخانىلارنىڭ جەسۇر قاغانى ھارۇن بۇغراخان 993 - يىلى سامانىلار خانلىقى ( 874 - 999 ) نى مۇنقەرز قىلىپ ، ئۈچ يىلدەك تەرتىپ ئورنىتىپ ، ئوغلى ئەلى تېكىننى 997 - يىلى غەربىي ئىلىكخان قىلىپ تەيىنلەپ قەشقەرگە قايتىش يولىدا قازا قىلدى . بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان غەزنەۋىلەر، سامانىلار قالدۇقلىرى ۋە سالجۇق ئوغۇللىرى ئەلى تېكىنگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ ، سامانىلارنى قايتا تىرىلدۈردى . نەتىجىدە قەشقەردىكى چوڭ قاغان سەئىد ئەلى ئارسلانخان ئۆزىنىڭ بارلىق ئوغۇللىرى ۋە جىيەنى يۈسۈپ قادىرخاننى سامانىلارنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى . ئەمما دەل شۇ چاغدا ئۇدۇن خانلىقى ( 750 - 1006 ) قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندىن سىرت سەئىد ئەلى ئارسلانخاننى شېھىت قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغاچقا ، سامانىلارنى قايتىدىن تىنجىتىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى ئىلىك ناسىرخان بىلەن يەنە بىر جىيەنى ئەلى تېكىنگە تاپشۇرۇلدى . 999 - يىلى 23 - ئۆكتەبىر ( ھىجرىيە 389 - يىلى قۇربان ھېيت كۈنىدىن ئون كۈن بۇرۇن ) ئەلى تېكىن ياڭراق تەكبىر ئاۋازى بىلەن بۇخاراغا زەپەر قۇچۇپ كىردى . 2 - نويابىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر تۈرشاۋۇل قىسمى مەشھۇر ئامۇ دەريا

بويلىرىنى تولۇق تىزگىنلىگەن . شۇنىڭ بىلەن 120 يىل ئۇدا سەلتەنەت سۈرگەن داڭلىق سامانىلار خانلىقى قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانلىقى ( 999 - 1212 ) بولۇپ قالغان .

غەربىي ئىلىكخانلىق 1043 - يىلغىچە چوڭ قاغانلىققا مۇتلەق بويسۇنغان بولسا ، 1089 - يىلغىچە نامىدىلا بويسۇنغان . 1092 - يىلغىچە سالجۇقىلارغا بېقىنىپ قالغان . 1130 - يىلغىچە مۇستەقىل داۋام قىلىپ ، 1141 - يىلغىچە يەنىلا سالجۇقىلارغا قارام بولۇپ قالغان . 1141 - يىلدىن 1212 - يىلغىچە قاراختايلارغا قارام ئەلگە ئايلىنىپ قالغان . ئەمما ئىچكى ئىشلاردا مۇستەقىل راۋاجلىنىپ ، 1212 - يىلى كۈنسىرى كۈچىيىپ كەتكەن خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەد قولىدا مۇنقەرز بولغان . ئەمما 1222 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا چىڭگىزخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

## 2 . بىرۇنىنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى دەسلەپكى ياشلىق دەۋرى

### ( 1 ) بىرۇنى ۋە تۇغۇلغان يۇرتى ھەققىدە

بىرۇنىنىڭ تولۇق ئىسمى : ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەل بىرۇنى بولۇپ، ئەبۇ رەيھان ئۇنىڭ ئەرەبچە تەخەللۇسى ، ئەل بىرۇنى بولسا ئۇنىڭ يۇرتى بىلەن باغلانغان تەخەللۇسى ئىدى . دېمەك ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ ، دادىسى ئەھمەد ئىدى .

ياۋروپا تىللىرىدا يېزىلغان مەنبەلەردە ئۇ « ئەل بىرۇنى » ياكى « ئالى بورون » دەپ تونۇلغان . پارس تىلىدا « ئەبۇ رەيھان بىيرونى » دەپ تونۇلغان . ئۇيغۇرلاردا « بىرۇنى » نامى بىلەن مەشھۇر بولغان .

بىرۇنى 973 - يىلى 5 - سېنتەبىر ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا قاراشلىق قارا قالپاقىستاننىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كىچىك شەھەر « كات » دېگەن جايدا تۇغۇلغان . « كات » شۇ چاغلاردا خارەزىم ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئىدى . ( بۇ شەھەر سامانىلار ، قاراخانىلار ۋە سالجۇقىلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا خاراپ بولغاندىن كېيىن ، خارەزىمنىڭ مەركىزى ئۈرگەنچكە يۆتكەلگەن . موڭغۇللار ئۈرگەنچنى خاراپ قىلغاندىن كېيىن ، خىۋەگە يۆتكەلگەن ) . بۇ جاي تۈركمەنىستان چېگرىسىغا يېقىن بولۇپ ، خەرىتىدىكى ئورنى N 60°45′E′41°41 . دېڭىز يۈزىدىن 87 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. 2004 - يىلدىكى نوپۇسى 50 مىڭدىن ئارتۇق . قۇرۇقلۇق يولىنى ئۆلچەم قىلغاندا پايتەخت تاشكەنتنىڭ غەربىدىن 936 كىلومېتىر، خىۋەنىڭ شەرقى شىمالىدىن 56 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان بولۇپ ، يىراق تارىخىي دەۋرلەر ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە كۆپ قېتىم ئىسمى ئۆزگەرتىلىپ ، « فىل » ۋە « شوبوس » دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان . پەقەت 1957 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن رەسمىي « ئەل بىرۇنى » دەپ ئاتالغان بولۇپ ، شۇ ئارقىلىق بۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ، ھاياتىنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىنى ئۆتكۈزگەن مەشھۇر ئالىم بىرۇنىنى ئەسلەش ۋە ھۆرمەتلەش ئىشقا ئاشۇرۇلغان . گەرچە 1969 - يىلى ئامۇ دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ ، بەزى قەدىمىي قۇرۇلۇشلار زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئەمما تېزلا رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 1973 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ، ئافغانىستان ، ئىران ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەر ئالىمنىڭ مىڭ يىللىق تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل پوچتا ماركىلىرىنى بېسىپ چىقىرىپ خاتىرىلىگەن. تولىمۇ ئەپسۇس ، ئۇ يىللاردا ئۇيغۇر خەلقى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئون يىللىق زۇلمەت ئىچىدە خورلىنىۋاتقان ئىدى .

**( 2 ) باشلانغۇچ هاياتى ۋە ياشلىق دەۋرى**

**ئەل بىرۇنى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەت تارىخىدا مېتودولوگىيەسى ۋە بايقاشلىرى سەۋەپلىك ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم دېگەن ئاتاقا مۇيەسسەر بولغان . بىرۇنى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ ، ئۇ ئاسترونومىيە ۋە ئىلمى پەلەك تەتقىقاتىغا ئىلهام بەرگەن . ئەل بىرۇنى ئۆمرىنىڭ ئالدىنقى يىگىرمە بەش يىلنى خارەزىمدە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ، گراماتىكا ، نۇتۇق ئىلمى ، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە ، مېدىتسىنا ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇندىن باشقا فىزىكا ۋە باشقا نۇرغۇن ساھەلەردە ئىزدىنىشنى ئادەت قىلغان. ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان بىرۇنىنىڭ تىلىنى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى پىششىق ئۆگەنگەن . بۇ تىل ئەسلىدە پارس تىلىنىڭ خارەزىم شېۋىسى بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن كەڭ قوللىنىلغان. تۈركلەر بۇ رايوننى ئىزگىنلىگەنگە قەدەر ئىسلامدىن كېيىن بىر قانچە ئەسىر ساقلىنىپ كەلگەن . ئەل بىرۇنى ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتنىڭ هۆكۈمرانلىرى « ئافرىغ جەمەتى » گە ئالاهىدە هېسداشلىق قىلاتتى . چۈنكى بىرۇنى ئىلىم - پەن توغرىسىدىكى تۈنجى مائارىپ تەربىيىسىنى شۇ رايوننىڭ هۆكۈمران ئائىلىسىدىن ( ئافرىغ جەمەتى )كېلىپ چىققان ئەبۇ نەسىر ئەل مەنسۇردىن ئالغان ئىدى . ئەبۇ نەسىر ئەل مەنسۇر ( مەنسۇر بىن ئىراق (970-1036 ) مۇنەۋۋەر ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم ئىدى. ئۇ بىرۇنىغا ئوكلېد گېئومېترىيىسى ۋە پتولېمېي ئاسترونومىيەسىنى ئۆگەتتى . كېيىن سامانىلار خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقاندا ، 995 - يىلى دۈشمىنىدىن شىكەستە يېگەن ئەمىر ئافرىغ ئائىلىسىدىكىلەرگە هېسداشلىق قىلىشنى بۇرچى دەپ بىلگەن بىرۇنى يېڭى كەلگەن غالىپ جەمەتكە تىز پۈكۈشنى خالىماستىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ ، سامانىلار ئەمىرى مەنسۇر ئىككىنچى ئىبنى نوهنىڭ پايتەختى بۇخاراغا ، يەنى سامانىلار خاندانلىقىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇ يەردە ئىبنى سىناغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ چاقىرىپ كېلىپ ، ئىككىسى يۈز تۇرانە كۆرۈشكەن . بىرۇنى ئىبنى سىناغا زور تەسىر كۆرسەتكەن . بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ئىككى ئالىم ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى ئاتا قىلغان .**

**( 3 ) بۇخارادىن ئىرانغا ، ئىراندىن خارەزىمگە سەپەر قىلىش**

**998 - يىلى قاراخانىلار سامانىلارغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم هەربىي يۈرۈش باشلىغاندا ، بىرۇنى بۇخارادىن ئايرىلىپ ، شۇ يىلى ئىراننىڭ شىمالىنى سوراۋاتقان زەييار جەمەتى( 928 - 1090 ) ئوردىسىغا بارغان . ئۇ جايدا مەزكۇر جەمەتنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد هۆكۈمرانى داڭلىق شەمسۇل مائالى قابۇس ( 977 - 1013 ) بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان . قابۇس ئىلىمسۆيەر هۆكۈمدار بولۇپ، « قابۇسنامە » دېگەن ئەسەرنى يازغان . بىرۇنى بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپكى زور هەجىملىك مۇهىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئەل ئاسارىل باقىيە ئەنىل قۇرۇنىل خالىيە ( قەدىمقى دەۋردىن قالغان ئاسار - ئەتىقىلەر ) » ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقىپ ، 1000 - يىلى پۈتتۈرگەن . بىرۇنى قابۇس بىلەن بىللە سۆھبەتلىرىنى داۋام قىلغاچ تەتقىقاتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . ئەمما قابۇس غەرپتە ئابباسىيلارنى ئىزگىنلىۋالغان بۇۋەيهى خانلىقى ( 945 - 1055 ) نىڭ تۇرلۇك هەربىي بېسىملىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي ، نائىلاج ئافغانىستان ۋە خۇراساندا باش كۆتۈرگەن مەهمۇد غەزنەۋى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ، غەزنەۋىلەرنىڭ هامىلىق قىلىشىنى قوبۇل قىلغان . قابۇس 1013 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان جىيەنى پەلەكۇل مائالى مانۇچېهىر ( 1013 - 1030 ) مەهمۇد غەزنەۋى بىلەن قۇدىلىشىپ تېخىمۇ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكەن . قابۇسنىڭ ئۆلۈمى بىرۇنىنى بۇرۇننى ئۆزى هېسداشلىق قىلىدىغان ئافرىغ جەمەتىنى مەغلۇپ قىلىپ خارەزىمنى قولىغا ئالغان مەئمۇن جەمەتى بىلەن يارىشىشقا مەجبۇرلىغان . بىرۇنى شۇئان قايتىدىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ، خارەزمشاھ ئەبۇل ئابباس مەئمۇننىڭ هۇزۇرىدا خىزمەت قىلغان . هۆكۈمدار بىرۇنىنىڭ تىلىنىڭ راۋانلىقى ۋە تالانتىنى كۆزدە تۇتۇپ ، بىر قىسىم مۇهىم سىياسىي ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان .**

## 3 . مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ بۆلاپ كېتىشى ۋە قاراخانىلاردىن قىزغىنىپ ھىندىستانغا بىللە ئېلىپ كېتىشى

971 - يىلى 2 - نويابىر ئەسلىدە سامانىلارنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بۆلاپ كېتىلگەن قاراخانىلار ئەۋلادلىرىدىن سۇبۇق تېكىنىنىڭ ئوغلى مەھمۇد غەزنەۋى تۇغۇلغان . سامانىلار قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئالپ تېكىن، سۇبۇق تېكىنىنىڭ قاراخانىلار نەسلىدىن ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنى ياخشى تەربىيلەپ يېتىشتۇرگەن . ئۇ 997 - يىلى دادىسى سۇبۇق تېكىن قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئاكىسى بىلەن تەخت تالىشىپ ، 998 - يىلى غەزنەۋى شاھى بولغان. 999 - يىلى قاراخانىلار سامانىلارنى يوقاتقاندا مەھمۇد سامانىلارنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلىرىنى ئىگىلەپ ، قاراخانىلار بىلەن تۈرك - ئىسلام دۇنياسىنىڭ خوجىلىقىنى تالاشقان . 1007 - يىلدىن 1025 - يىللارغىچە پات - پات داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ، 1026 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن « مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈش كېلىشىمى» ئىمزالىغان . 1001 - يىلدىن 1027 - يىلغىچە ھىندىستانغا ئۇدا 1030 - يىلى 30 - ئاپرىل ئالتە ئاي ئېغىر كېسەل تارتىپ قازا قىلغان . ئۆلۈش ئالدىدا دۆلىتىنى باللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن . شۇڭلاشقا باللار نەچچە يىل ئۇرۇش قىلىپ ، ئاخىرى قاراخانىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئوغلى مەسئۇد ئۇتۇپ چىققان . ئۇ 1040 - يىلدىكى ئۇرۇشتا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سالجۇقىلاردىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، قاراخانىلار بىلەن قۇدا بولۇشۇپ ، دۆلىتىنى تولۇق مۇنقەرز بولۇشتىن ساقلاپ قالغان . بىراق سۇلتان مەسئۇد 1041 - يىلى 17 - يانۋار ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىۋاتقاندا يول ئۈستىدە ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ ، بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىنىسى مۇھەممەد ( 998 - 1041 ) سۇلتان بولغان . ئەمما مەسئۇدنىڭ ئوغلى مەۋدۇد دەرھال غەزنىگە كېلىپ ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىغان . تاغىسى قىشنى پېشاۋۇردا ئۆتكۈزۈپ ، ئەتىيازدا جېيەنىگە قارشى قوشۇن تارتقان . 1041 - يىلى 8 - ئاپرىلدىكى جالال ئاباد ئۇرۇشىدا سۇلتان مەۋدۇد تاغىسىنى مۇھەممەدنى يېڭىپ چىقىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ سۇلتان بولغان . ئۇ 1012 - يىلى غەزنىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، تەخت تالاشقان قېرىندىشى مەجدۇد 1041 - يىلى 10 - ئاۋغۇست ئۆز چېدىرىدا ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن غەزنەۋىلەر خانلىقى ( 962 - 1186 ) نىڭ مۇتلەق سۇلتانى بولغان . ئۇ گەرچە چاغرىبەگنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالغان بولسىمۇ ، ئەمما قېيناتىسىنىڭ كېسەل بولغىنىدىن پايدىلىنىپ ، سالجۇقىلار 1040 - يىلدىكى ئۇرۇشتا تارتىۋالغان بارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلغان . ئەمما چاغرى بەگ 15 ياشلىق ئوغلى ئالپ ئارسلاننى ئەۋەتىپ، 1043 - يىلى ئاۋغۇست ۋە سېنتەبىر ئايلىرىدا غەزنەۋىلەرنىڭ سالجۇقىلارغا قاراتقان ھۇجۇملىرىنى توسۇپ قالغان . سۇلتان مەۋدۇد بۇندىن كېيىن سالجۇقىلارغا ئۆزى يالغۇز تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈپ يېتىپ ، بۈيۈك قاراخانىلار ۋە غەربىي ئىلىكخانلىق بىلەن ئۆز ئارا دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزگەن. ئەمما كېلىشىم ئىجرا قىلىنىشقا ئارام بولمىغان. 1043 - 1044 - يىللىرى ھىندىستاندىكى قارام ئەللەر توپىلاڭ كۆتۈرگەن . ئۇلارنى مىڭ تەستە باستۇرۇپ ، چارچىغان سۇلتان مەۋدۇدمۇ ئاغرىپ قېلىپ ، 1049 - يىلى 19 - دېكابىر ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ ئورنىغا چاغرىبەگنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان گۆدەك ئوغلى مەسئۇد 2 سۇلتان بولغان . ئەمما ئون كۈن ئۆتمەستىنلا، 1049 - يىلى 29 - دېكابىر قوماندانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئاكىسى ئەلىنى سۇلتان قىلغان . ئەمما ئۇمۇ 1050 - يىلى كىچىك دادىسى ، يەنى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ 1024 - يىلى تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇرېشىت تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ ، تۈرمىگە تاشلانغان . ئۇ تەختكە چىقىپلا « توغرۇل بوزان » نى باش قوماندان قىلىپ ، سالجۇقىلارغا ئۇرۇش ئاچقان . بوزان غەلىبە قىلىپ ، 1051 - يىلى سىستاننى ئىشغال قىلىپلا ئۇدۇل غەزنىگە كېلىپ ، ئابدۇرېشىتخان ۋە باشقا 11 شاھزادىنى قىرىپ تاشلاپ ئۆزى سۇلتان بولىۋالغان . بۇ قىرغىندىن فەرۇخزادە، ئىبراھىم ۋە شۇجا باتۇر قاتارلىق ئۈچلا شاھزادە قېچىپ قۇتۇلغان . بىراق 40 كۈندىن 57 كۈنگىچىلا سۇلتان بولالىغان توغرۇل بوزانمۇ 1052 - يىلى بۇرۇنقى سۇلتاننىڭ نەۋكەرلىرى تەرىپىدىن خەنجەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ، فەرۇخزادە سۇلتان بولغان . ئۇ يۇقىرىقى قىرغىننى سادىر قىلغان ھەممە كىشىلەرنى تۇتۇپ جازالىغان .

سۇلتان مەسئۇد ئوغلى فەرۇخزادە 1053 - يىلى سالجۇقىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، چاغرىبەگ داۋۇتنى خۇراسانغا قېچىشقا مەجبۇرلىغان . ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان يەنە بىر قېتىم غەزنەۋىلەرنى توسۇۋالغان . 1059 - يىلى 4 - ئاپرىل ئۇ ئۆلگەندە ئىنىسى ئىبراھىم ( 1033 - 1099 ) سۇلتان بولغان . ئۇ تاكى 1099 - يىلغىچە سۇلتان بولۇپ ، غەزنەۋىلەر تارىخىدا رېكورت ياراتتى . ئۇ ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ مەلىكشاھ ( 1055 - 1092 ) قا كۈيئوغۇل بولغان ئوغلى مەسئۇد 3 سۇلتان بولۇپ ، تاكى 1115 - يىلى 27 - فېۋرالغىچە دەۋران سۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ غەزنەۋىلەر خانلىقى قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە ھەر ئىككى يىلدا بىر سۇلتان ئالمىشىپ يۈرۈپ ، 1186 - يىلى پۈتۈنلەي ھالاك بولغان .

غەزنەۋىلەر يېڭى باش كۆتۈرگەندە ئۇلارنىڭ تايانچ كۈچى ۋە ئاساسلىق ھۆكۈمرانلار قاتلىمى قارا قورساق سانغۇنلار ۋە ئۇرۇشخۇمار ئەسكەر ۋە تۈرلۈك قەبىلىلەردىن تاللانغان ساۋاتسىز يالانما قوشۇنلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ ، مەركىزىي ئاسىيادىكى بىلىم ئوچاقلىرى بولغان بۇخارا ۋە سەمەرقەند 999 - يىلى ئاخىرقى قېتىم قاراخانىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ، شۇ يىلدىن باشلاپ غەزنەۋىلەرگە سۇلتان بولغان مەھمۇد غەزنەۋى رېئاللىققا تەن بېرىپ ، غەربىي ئىلىكخانىغا مەكتۇپ يېزىپ ، ئۆزلىرىگە دىنىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە نامازنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگىتىدىغان دىنىي ئالىملارنى تەلەپ قىلغان . قاراخانىلار تەلەپ بويىچە غەزنەۋىلەرگە ئەڭ داڭلىق ئالىملارنى ئەۋەتىپ بەرگەن . ئەمما مەھمۇد غەزنەۋى ئاساسىنى پۇختىلىۋالغاندىن كېيىن ، قاراخانىلار بىلەن تۆر تالىشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار غەلىتە ئۇسۇللارنى قوللانغان :

1 ) . بار كۈچى بىلەن مال - دۇنيا توپلاپ ، قاراخانىلار ئەلچىلىرىگە كۆز - كۆز قىلىش .
2 ) . « سۇلتان » ئۇنۋانىنى كەڭ قوللىنىپ ، سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان بۇ مەرتىۋە نامىنى ئۆزىگىلا خاسلاشتۇرۇش ۋە ئۆز دەۋرىدىكى تارىخچىلارنى شۇنداق يازدۇرۇش.
3 ) . قاراخانىلارنىڭ ئاباسىيلار بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، پەقەت غەزنەۋىلەرنىڭ ۋاستىسىدىلا مۇناسىۋەت ئورنىتالايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويۇش.
4 ) . قاراخانىلار قاغانلىرىنى ۋە ئىلىكخانلىرىنى تۈرلۈك نەيرەڭلەر بىلەن خەلىپە ئالدىدا رەسۋا قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇش .
5 ) ئۆز تەسىر دائىرىسىدىكى ۋە قاراخانىلار تەۋەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملار ، پەيلاسوپلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى ھالدا جەلپ قىلىپ ، غەزنىگە يىغىۋېلىش .

گەرچە مەھمۇد غەزنەۋى دەسلەپتە يۇقىرىقى رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئانچە چوڭ نەتىجىگە ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ ، تولىمۇ ئەپسۇس ، قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا 1007 - يىلى خۇراساننى تالىشىشتىن باشلانغان ئۇرۇشلار تەرەققىي قىلىپ 1015 - يىلى خارەزمنىمۇ تالىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان . 1016 - يىلى قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانى ئەلى تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ ، بىر پۈتۈن قاراخانىلار قاغانلىقىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلغان . ئەلى تېكىننىڭ ئاكىسى يۈسۈپ قادىرخان ۋە تاغىسى ئەھمەد توغانخان ئۇنى تېز پۈكتۈرۈش بىلەن بەنت بوپقالغان . بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان مەھمۇد غەزنەۋى 1017 - يىلى غەربىي خۇراسان ئارقىلىق غەربىي ئىلىكخانلىقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ خارەزمنى ئىشغال قىلىۋالغان. قاراخانىلار غەزنەۋىلەرگە قايتۇرما زەربە بېرەي دەپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئالتاي تەرەپتىن ختاي ( قىتانلار) خانى يوللۇغ لوڭشۇ ئەۋەتكەن 200 مىڭ ئاتلىق ختاي ( قىتان ) ئارمىيىسى قاراخانىلار تەۋەسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن . شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار غەزنەۋىلەرنى ئەدەپلەشكە ئۈلگۈرمەيلا ، قىتانلارغا قارشى ئاتلىنىپ ، 1018 - يىلى ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ، ساناقسىز چارۋىلارنى ئولجا ئالغان . بۇ تارىختا « ختاي ئۇرۇشى » دەپ ئاتالغان . بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن چۆچىگەن مەھمۇد غەزنەۋى بىر تەرەپتىن قاراخانىلار خان جەمەتى ئارىسىدا داۋاملىق بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشقا كۈچىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن قاغان بىلەن تېزراق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقا كۈچەپ يۈرۈپ ئاخىرى خارەزمدىكى ھامىيلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇۋالغان .

ئەمما مەھمۇد غەزنەۋى يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ، خارەزىمدىكى بارلىق ئالىملارنى غەزنىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن . كېيىنچە قاراخانىلار بىرۇنىنى بۇخاراغا قايتىپ كېلىپ ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما مەھمۇد غەزنەۋى شۇ يىلى بىرۇنىنى ھىندىستان يۈرۈشىدە بىللە ئېلىپ كەتكەن . ئىككى ئەلنىڭ قىزغىنىشى ئارىسىدا قالغان بىرۇنى خۇددى بۇرۇنقى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك يول تۇتۇپ ، ئۈچىنچى بىر ئەلنى تاللىۋالغان . نەتىجىدە غەزنىدە ئۇزاق تۇرمايلا ھىندىستانغا بارغان بىرۇنى شۇ جايدا **1017** - يىلدىن تاكى **1030** - يىلغىچە تۇرۇپ قالغان . بۇ **13** يىل جەرياندا تەڭداشسىز داڭلىق ئەسىرى « ھىندىستان » نى يېزىپ چىققان . مەزكۇر ئەسەرنى **1031** - يىلى **24** - دېكابىر جۇمە پۈتتۈرۈپ مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئوغلى مەسئۇدقا ھەدىيە قىلغان . مەھمۇد غەزنەۋى **1030** - يىلى **30** - ئاپرىل ۋاپات بولغان ئىدى.

لېكىن بىر قىسىم تارىخشۇناسلار بىرۇنىنىڭ ھىندىستاندا ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى ، « ھىندىستان » دېگەن ئەسەرنى تويتوغرا **40** يىلدا يېزىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ . بۇنداق بولغاندا بىرۇنى **1001** - يىلدىن **1041** - يىلغىچە ھىندىستاندا تۇرۇپ قالغان بولىدۇ . بۇ جەرياندا يەنە مەخسۇس سۇلتان مەسئۇدنىڭ نامىغا ئاتالغان « ئەل قانۇن ئەل مەسئۇدى » ناملىق مەشھۇر كىتابىنى يېزىپ چىقىپ سۇلتانغا ھەدىيە قىلغان . شەرقشۇناسلار بىرۇنىنى « ئەرەبلەرنىڭ پېتلىموسى » دەپ ئاتىۋالغان .

## 4 . ھىندىشۇناسلىق ۋە ھىندىستاندىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار :

**11**-ئەسىردىكى مۇھىم ۋە مەشھۇر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ بىرى بولغان مەھمۇد غەزنەۋى ئەل-بىرۇنىنى ھىندىستانغا قوشۇن تارتقاندا بىللە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەل بىرۇنى **1017**-يىلدىن **1030**-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىستاندا ياشىغان بولۇپ ، بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابى « ھىندىستان » نى يازغان.

مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىك ئەسەردە ، ئەل بىرۇنى ھىندىستان ھاياتىنىڭ دىن ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، گېئولوگىيە ، ئىلىم-پەن ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىنى دېگۈدەك تەتقىق قىلغان. ئەمما ئۇ بۇ قېتىمقى ئىزدىنىش سەپىرىدە ھەربىي ۋە سىياسىي تارىخقا ئانچە دىققەت قىلمىغان. ئەكسىچە ، ئەل بىرۇنى سىياسەت بىلەن باغلىماي تۇرۇپ ، مەدەنىيەت ، ئىلىم-پەن ۋە دىن ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ ئىلىم-پەن ۋە پۇقرالار تۇرمۇشىنى تېخىمۇ كۆپ ھۆججەت قىلغان ئاساستا يورۇتۇشنى قارار قىلدى. ئەل بىرۇنى ھىندىستاندىكى مول مەدەنىيەت مۇھىتىدا مەخسۇس دىن ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئاددىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەيدۇ . ئۇ يەنە دانا پاتانجالىنىڭ « پاتانجالىنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى كىتابىنىڭ تەرجىمىسى» ناملىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. بىر جۈملە مىسال ئالساق :

«مەن رەقىبلىرىمىزنىڭ رەددىيەلىرىنى رەت قىلمايمەن ، چۈنكى مېنىڭچە بۇ خاتا. مېنىڭ كىتابىم ھەقىقەت ۋە پاكىتلارنىڭ تارىخى خاتىرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . مەن ھىندىلارنىڭ نەزەرىيىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئاددىي ۋە شۇ پېتى سۇناي . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گرېكلەرنىڭ بەزى نەزەرىيىلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرىمەن » .
**(1910**-يىل ، **1**-توم ، **7**-بەت ؛ **1958**-يىل ، **5**-بەت) »

بىرۇنى ھىندىستاندا يالغۇزلا ھىندىستانلىقلار ھاياتىنى دىن ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، گېئولوگىيە ، ئىلىم-پەن ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىنى دېگۈدەك تەتقىق قىلىپلا قالماي، بەلكى ئاسترونومىيە ، كالېندارچىلىق ۋە باشقا مۇھىم تەبىئىي پەن ساھەلىرىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان .

بىرۇنى ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كىشىلەر ، ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە دىنلار ھەققىدە تەپسىلىي يازغان . قارىماققا ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىرىغا ئوخشاش ، مەلۇم بىر توپ كىشىلەر ھەققىدە خاتىرە يېزىش ، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ۋە دەسلەپكى تېكىستلىرىنى ئۆگىنىش ۋە سېلىشتۇرۇش مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ۋە تەرەپسىز ھالدا نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى . ئەمەلىيەتتە ئىزدىنىۋاتقان ساھەلەرنىڭ كۆپ خىللىقىدىن قارىغاندا ، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆز زامانىسىدىكى باشقا تەڭتۇشلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن ئىنسىكلوپېدىك ۋە ئۇنىۋېرسال ئالىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى . شۇڭا بەزى تارىخشۇناسلار بىرۇنىنى تۇنجى ئىنسانشۇناس دەپ قارىغان . ئۇنىدىن باشقا تارىخچىلار بىرۇنىدىن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئۆتكەن تۇنىسلىق داڭلىق ئالىم ئىبنى خالدۇن بىلەن بىرۇنى ھەققىدە بىرەدەك قاراشقا ئىگە ئەمەس بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىسى بىرۇنىنى تۇنجى جەمئىيەتشۇناس دېسە ، بەزىسى ئىبنى خالدۇننى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاتىسى دەپ قارايدۇ .

## 5 . ئەسەرلىرى ۋە تۈرگە ئايرىلىشى

بىرۇنىنىڭ كىتاپلىرىنى ۋە تەتقىقاتلىرىنى تۈرگە ئايرىغاندا ، ھازىرقى زاماندىكى ئايرىم ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىلىملەردىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**1 ) . ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە :**

بىرۇنى ئاسترونومىيە ، ماتېماتىكا ۋە ماتېماتىكىلىق جۇغراپىيە قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى يازغان **146** كىتابىنىڭ **95** كىتابىنى مەخسۇس ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيەگە ئالاقىدار مەزمۇنلارغا بېغىشلىغان . ئۇنىڭ دىنى ، يەنى ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ئاسترونومىيەگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتىغا تۆھپە قوشقان . چۈنكى نامازنى توغرا ئادا قىلىش قىبلەنىڭ يۆنىلىشى ۋە بۇ يۆنىلىشنى ھەممە يەردىن بەلگىلەش مۇمكىنچىلىكىنى ياخشى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، ھەمدە بۇ ئىنچىكە ۋە توغرا ئاسترونومىيە تەتقىقاتىغا مۇھتاج.

بىرۇنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كېڭەيتىلگەن ئاسترونومىيىلىك ئەسىرى « ئەل قانۇن مەسئۇدى » دا ئۆزى مۇلاھىزە قىلىپ يەكۈنلەپ چىققان سانلىق مەلۇماتلىرىدىن پايدىلىنىپ ، پتولېمېينىڭ قۇياشنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدىكى پەرىزىنى رەت قىلغان . بۇمۇ دۇنياۋى رېكورت بولۇپ قالغان . ئۇ ھازىر بار بولغان نەزەرىيەلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپلا قالماي ، يەنە ئاسترونومىيە ۋە ئاسترونومىيەلىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچنىڭ قانداق ئىشلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزىۋن تەھلىل ۋە چۈشەندۈرۈش يازدى . چۈنكى ئۇ ئوخشىمىغان قوراللارغا نۇرغۇن ئوخشىمىغان مودېللارنى سىزىپ چىققان . ئۇلار سائەت ۋە ئاسترولا ( ئاسترونومىيەلىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچ) قاتارلىق بىر قىسىم زامانىۋى كەشپىياتلارنىڭ ئىپتىدائىي مودېلى دەپ قارالدى . كېيىنكى يىللاردا بۇ كەشپىياتلار باشقا ئالىملار تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇلۇپ تاماملاندى.

بىرۇنىنىڭ « تۇتۇلۇش » ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلىرى كېيىنچە دانترون تەرىپىدىن **1749**-يىلى ئاي شارىنىڭ تېزلىشىنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى ئاسترونومىيىلىك تارىخىي خاتىرىلەرگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ھازىرمۇ ئاسترونومىيەلىك بىلىملىرى ۋە گىئوفىزىكىلىق بىلىملىرىدە ئىزچىل ئىشلىتىلىۋاتىدۇ .

**2 ) . فىزىكا :**

بىرۇنى تەجرىبە ئىلمىي ئۇسۇلىنى مېخانىكىقا سۇنۇشقا تۆھپە قوشقان ۋە تۇراقلىق فىزىكا ۋە كېنىزىمولوگىيەدىن ( ھەرىكەت ئىلمى ) ئىبارەت ئىككى ئىلمنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئۇندىن باشقا ئۇ تۇراقلىق گىدروفىزىكا تەتقىقاتىنى كېنىسولوگىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، يېڭى ئىلىم – گىدرودىنامىكا ئىلمىنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى .

بىرۇنى يەنە ھەر بىرسى بىلەن ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان قورالللارنىڭ چېرتىيوژىغا يەتكىچە بولغان ئىزدىنىش جەريانىدا ، تارتىش كۈچىدىن باشقا ، زىچلىقىنى ، ئېغىرلىقىنى بايقاش ۋە ھېسابلاش ئۈچۈن بىر قاتار ۋاستىلەرنى تاپتى. گەرچە ئەل بىرۇنى كىتابلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا نوقۇل فىزىكاغىلا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن فىزىكا تەتقىقاتى ئۇنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىدا ھازىرغىچە تارقاق ساقلىنىپ قالغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەل بىرۇنى ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق توغرىسىدا بىر قاتار پەرەزلەرنى قىلدى.

**3 ) جۇغراپىيە :**

بىرۇنى تاغنىڭ ئېگىزلىكىنى كۆزىتىش ئارقىلىق يەرشارىنىڭ رادىئوسىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى ۋە ئۇنى ھازىرقى پاكىستاندىكى بىن دادان خاندىكى نەندانادا قوللاندى.  ئۇ يەرشارىنى تەتقىقات تېمىسى قىلغان ئىلىم-پەنلەرگە ئىنتايىن قىزىققان .  چۈنكى ئۇنىڭ ئەسىرى يەرشارىمىزدا نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ يەرشارىنىڭ دىئامېتىرىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى بايقىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئۇزۇن ۋە جاپالىق تەتقىقاتىنىڭ مېۋىسى ۋە ئىزچىل ۋاز كەچمەي ئىزدەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى .

بىرۇنى ئۆزىنىڭ بىر كىتابىدا ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ئايرىپ تۇرىدىغان كەڭ سۇ رايونى ئىچىدە بىر ياكى بىر نەچچە قىتئەنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلغان. بۇ پەرەزنىڭ توغرىلىقى كېيىنچە ئىككى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بايقىلىشى بىلەن ئىسپاتلانغان . بىرۇنى يەرشارىنىڭ دىئامېتىرىنى توغرا ھېسابلاش ۋە قەدىمكى دۇنيانىڭ ئۈچ قىتئەسىنىڭ (ئاسىيا ، ئافرىقا ۋە ياۋروپا ) كۆلىمىگە ئاساسەن ئاشۇ نەچچە قىتئەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يەكۈنلەپ چىقالىغان . تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى بىرۇنى ئاشۇ بايقالمىغان قىتئەلەرنىڭ يەر شارى قۇرۇقلۇقى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالىغان.

ئۇ يەنە ئۆزگىچە تارتىش كۈچى پرىنسىپىنى بايقاشتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ، ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ماتېرىكىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان گېئولوگىيەلىك جەريانىنىڭ چوقۇم ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى بىپايان ئوكيان ( تىنچ ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكيان ) ئارىسىدىكى بىپايان سۇ رايونىدا باشقا قىتئەلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىنى توغرا  يەكۈنلەپ چىققان . ( ماتېرىكلارنىڭ لەيلەپ يۈرۈشى ھەققىدىكى نەزەرىيەلەر ياۋروپادا ئارىدىن يەتتە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان بىر گېرمان ئالىمى تەرىپىدىن قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى ) .

بىرۇنى يەنە بۇ بىپايان قىتئەنىڭ ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىشقا باپ كېلىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى كۆپ ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان . ئۇ جۇغراپىيە بىلىمىدىن يەكۈنلەپ ، ئىنسانلارنىڭ روسىيەدىن ھىندىستانغىچە ۋە ياۋروپادىن جەنۇبىي ئافرىقىغىچە شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان بىپايان جۇغراپىيەدە ياشايدىغانلىقى، بايقالمىغان قىتئەلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان ئىكەنلىكىنى يەكۈنلىگەن . بۇ تەرىپى كىشىنى راسلا ھەيران قالدۇرىدۇ . سىز خەرىتىنى ئېچىپ قارىسىڭىزلا ئىنسانلار ياشاشقا ماس كېلىدىغان

ئىككى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ دەپ شۇنداق شىمال - جەنۇپ يۆنىلىشىدە سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى ، ئەكسىچە ئىنسانلار ياشىيالمايدىغان ئانتراكتىدانىڭ شەرق - غەرپ يۆنىلىشىدە سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆرىسىز.

4 ) . دورىگەرلىك ئىلمى ۋە مەدەنچىلىك ( مىتالورگىيە ) :

بىرۇنىنىڭ دورىگەرلىك ساھەسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرى « مېدىتسىنادىكى دورىگەرلىك كىتابى» ناملىق ئۇنىۋېرسال دورا قامۇسى بولۇپ ، ئۇ بۇ دورىلارنىڭ ئىسمىنىڭ سۇرىيانچە ، گرېكچە ، ئافغانچە ، پالۇچە ، كۇردچە ۋە بىر قىسىم ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغا ئوخشاش ھەر خىل ئوخشىمىغان تىللاردىكى ئىسىملىرىنىڭ مەنىداش سۆزلىرىنى تولۇق كەلتۈرۈشتىن باشقا ، ئەينى ۋاقىتتا تونۇلغان بارلىق دورىلارنىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى ۋە پايدىلىق زىيانلىق تەرەپلىرىنى تەسۋىرلىگەن .

مېتاللورگىيە ساھەسىدە ، بىرۇنى ئۆزى بىر قوللۇق ياساپ ، قۇراشتۇرۇپ چىققان ئالاھىدە ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىپ ، بىر قاتار مىنېرال ماددىلار ۋە تەبىئىي ئېلېمېنتلارنىڭ نىسپىي زىچلىقىنى يۇقىرى سەۋىيەلىك ۋە ئىنچىكە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بەلگىلەپ چىقالىغان .

5 ) . تارىخ :

بىرۇنىنىڭ مەخسۇس سىياسىي تارىختىكى ئەڭ مۇھىم كىتابى «خارەزىم ۋاقىئاتلىرى ھەققىدە مارافونچە قامۇس » بولۇپ ، بىز بۈگۈن بۇكىتاب توغرىلىق پەقەت تارىخچى ئىمام بەيھەقىنىڭ سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ نامىغا ئاتالغان « تارىخى مەسئۇدى » دا تىلغا ئالغان نەقىللەردىن باشقا ھېچ نەرسە بىلمەيمىز . بۇنىڭدىن باشقا ، بىز ئىككى كىتاپنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ چىقىش جەريانىدا « قەدىمقى دەۋرلەردىن قالغان ئاسار ئەتىقىلەر - ھىندىستان » ناملىق  كىتابتىكى بەزىبىر ئورتاق جايلاردىن باشقا ئىكك ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخنىڭ خاتىرىلەش ئۇسۇلى بىلەن  پادىشاھلارنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە « ھىندىستان تارىخى » بىلەن « تارىخى مەسئۇدى » ناملىق تارىخى كىتابتىكى ئۆز ئارا ئوخشىمىغان ئۆزۈن مۇلاھىزىلەرنى ۋە تېپىك پەرقلەرنى ھېس قىلدۇق . بۇ تەرىپىمۇ بىرۇنىنىڭ تارىخ خاتىرىلەش مېتودىنىڭ تولىمۇ ئۆزگىچە ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . چۈنكى ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ ، مېتودى ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەمما بىرۇنى بۇنداق رېتىمنى بۇزۇپ تاشلىغان. خۇددى فارابىنىڭ جىيەنى جەۋھەرى ئەرەبچە قامۇس ( لۇغەت ) تۈزۈش ئىشىدىمۇ ئۆزگىچە مېتودنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، تىلشۇناسلارنى ھەيران قالدۇرغاندەك ، بىرۇنىمۇ ئۆزگىچە تارىخ مېتودى ئارقىلىق يەنە بىر رېكورت ياراتقان. تولىمۇ ئەپسۇس ، زامانىنىڭ يېغىلىقلىرى تۈپەيلى بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى .

بىرۇنىنىڭ تارىخى تەتقىقاتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساھەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، يەنە يەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىگە چېتىلىپ ، يەرنىڭ نوقۇل ئىلاھىي يارىتىلىش جەريانى سەۋەبىدىنلا ئەمەس ، بەلكى تەبىئىي ئېلېمېنتلاردىن شەكىللەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن . گەرچە بىرۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئېتىقادىغا سادىق مۇسۇلمان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئېلېمېنتلارنىڭ رولىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ھەققىدە يۈرەكلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزەلىگەن .

چۈنكى فارابى ( 870 - 950 ) كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا پەلسەپە چۆكۈشكە باشلىغان . ھەتتا داڭلىق سوپىزىم پىرى ، « ھۆججەتۇل ئىسلام » دەپ ئاتالغان ئاتاقلىق دىنىي پېشۋا ئىمام غەززالى ( 1054 - 1111) پەلسەپىنى

ئەيىپلەپ كىتاپ يازغان . بۇ ئىككى دەۋرنىڭ ئوتتۇرىدا ياشىغان بىرۇنى ( 973 - 1048 ) مەردانە ھالدا يۇقىرىقى ئىلاھىيەت ۋە تەبىئەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نازۇك مەسىلىلەردە دادىل ھالدا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان . ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش سەۋىيىسىگە نىسبەتەن بۇ بىر يېڭىلىق ۋە مەردانىلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ .

6 ) . دىنلار تارىخى :

بىرۇنى دىنلار تارىخى ساھەسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىسلام تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ۋە پايدىلانمىلىرىنىڭ پىرى ، مەنبە خاراكتېرلىق تايانچ كىشىلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ . ئۇ سېلىشتۇرما دىنلارنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدىكى باشلامچى بولۇپ ، زوروئاستىر دىنى ، يەھۇدىي دىنى ، ھىندى ، خىرىستىيان ، بۇددىست ، ئىسلام ۋە باشقا دىنلارنى تەتقىق قىلغان ۋە ئوخشىمىغان دىنلارنى تەرەپسىز بىر تەرەپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى رەت قىلىشقا ئۇرۇنماي ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە لوگىكىسىنى چۈشىنىشكە كۆپ كۈچىگەن . شۇڭلاشقا بىرۇنى ئىسلام تارىخىدىلا ئەمەس ، بەلكى دۇنيا تارىخىدا ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ « سالاھىددىنى » ئىدى . ئەينى چاغدا ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئېرۇسالىمدا ئەسىر ئالغان سۇلتان سالاھىددىن ھەممىنى قىرىپ تاشلاشقا كۈچى يەتكەن تۇرۇقلۇق ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ ، يۇرتىغا يولغا سېلىۋېتىپ ، ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان ئىدى . بىرۇنىمۇ ئۆزىنىڭ توشاق بىلىمى ۋە سۆز ماھارىتىگە تايىنىپ ، يات ئېتىقادتىكىلەرنى ھاقارەت قىلىپ، چەتكە قاقمىغان . ئەكسىچە ھەقىقىي ئاكادېمىك ۋە مۇسۇلمان ئەخلاقى بىلەن ئادىل ۋە ئىنساپلىق مۇئامىلە قىلغان .

بىرۇنى دىن تەتقىقاتىدا بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسان ئۇقۇمى ۋە قۇرۇلمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم بىر-بىرىگە باغلىنىشى كېرەك دېگەن ئاساسىي ئىدىيىنى قوللانغان . بىرۇنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىدىيە :  ھەر بىر مەدەنىيەتتە ئىنسانلارنىڭ جەۋھىرى بار ، ئاشۇ ئىنسانلار بۇ مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . گەرچە ئۇلار قارىماققا خېلىلا يىراق كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما يەنىلا ماھىيىتى يېقىن ، شەكىللىرى يىراق تۇغقانلار توپىنىڭ ئۆز ئارا زەنجىرسىمان داۋام قىلىشىدىن شەكىللەنگەن دەپ قارىغان .

بىرۇنى ھىندىلارنى تەربىيىلەنگەن توپ ۋە تەربىيەسىز گۇرۇپپىغا ئايرىپ ، تەربىيىلەنگەن گۇرۇپپىنى خۇدانى ئىنسانىيەتنىڭ تەڭداشسىز رەببى دەپ تونۇيدىغان ، ئۇندىن باشقا مۇتلەق كۈچ يوق ئېتىقاد قىلىدىغان ، باشقا سىمۋوللۇق نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن ساقلىنىدىغان كىشىلەر توپى دەپ چۈشەندۈرىدۇ . نادان ھىندىلار توپىغا كەلسەك ، ئۇلار نۇرغۇن مۇقەددەس دىنىي بەلگىلەرگە چوقۇنىدۇ . ئۇلاردا بىرلا يېگانە خۇداغا مۇتلەق ئىشىنىش ۋە ئىبادەت قىلىش بولمايدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ .

7 ) . ئەدەبىيات :

بىرۇنى گەرچە ئەمەلىي قوللىنىشچان تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئوبدانلا قىزىققىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەدەبىياتنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي پەنلەرگىمۇ زور تۆھپە قوشقان . ئۇ ئەبۇ تاممامنىڭ « شېئىر دىۋانى » نى شەرھىلەپ چىققان . « شېئىرلار ۋە يادىكارلاردىن تاللانما » دېگەن قامۇسقا شەرھى يازغان . ئۇ يەنە پەلسەپە ھەققىدىكى نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى . مەسىلەن: « ماقالىلەر ، پىكىرلەر ۋە دىنلار كىتابى » ناملىق ئەسەر بىلەن « ھىندىلارنىڭ زېھنىدە ساقلىنىۋاتقان جۇغلانما جەۋھەرلەر » ناملىق سالمىقى بار پەلسەپىۋى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاپتورىدۇر .

بىرۇنىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەبچە يېزىلغان . گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن « دەسلەپكى ئاسترونومىيە سانائىتىنى چۈشىنىش كىتابى » نى ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىككى خىل يېزىقنى يازغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ھال ئۇنىڭ بۇ ئىككى تىلدا پىششىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. باشقا ئەسەرلەر ئاساسەن ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا يېزىلغان .

بىرۇنى ئۆزىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكۈچىدە 63 ياشقا كىرگۈچە ( قەمەرىيە كالىنداردا 65 ياش ) 103 ماۋزۇنىڭ تۆۋەندىكى 12 تېمىدا تارقىتىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى: ئاسترونومىيە ، ماتېماتىكىلىق جۇغراپىيە ، ماتېماتىكا ، تەرەپلەر ۋە ئاسترونومىيىلىك ھەرىكەتلەر ، ئاسترونومىيىلىك ئەسۋابلار ، تارىخ ، تۇرگە ئايرىلمىغان بۆلەك ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ، ئاسترونومىيىلىك ئالدىن پەرەز ، ھېكايە - قىسسەلەر ۋە دىن .

## 6 . بىر قىسىم مۇھىم ئەسەرلىرى

1 ) « ھىندىستان تارىخى » . بۇ كىتاپ بىزگە ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ھىندى دىنىنىڭ ئېتىقادى ، ئۆلارنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى ، نىكاھ ، يېمەك-ئىچمەك ، زىياپەت ، تۇرمۇش تۈزۈمى ۋە تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن كەلگەن ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ كەڭرى مول مەزمۇنلۇق كىتاب . تولۇق ئىسمى:

« ھىندىستان ھەققىدە ئەقىلگە خوپ كېلىدىغان ياكى ئۇۋال قىلىنىغان نەرسىلەر ھەققىدە تەھقىقات » بولۇپ ، قىسقارتىلىپ « ھىندىستان » دەپ قېلىپلاشقان . ئۇندىن باشقا « بىرۇنىنىڭ ھىندىستان ھەققىدە ئىزدەنگەن كىتابى » ، « بىرۇنىنىڭ ھىندىستانى » دېگەندەك ئىسىملار بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە بارلىق دىنلىرىنىڭ خۇلاسىسى بايان قىلىنغان قىممەتلىك كىتاب ئىدى .

2 ) « ئاسترونومىيە ماھارىتى ( سانائىتى ) ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە » ( پارسچە).

3 ) « قەدىمقى دەۋرلەردىن قالغان ئاسار - ئەتىقىلەر ( يادىكارلىقلار ) » . ئۇ ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرۇشتىكى ھالقىلىق تەتقىقات ئەسىرى بولۇپ ، بىر نەچچە باپلىرى مەخسۇس بەزى خىرىستىئان قەۋملىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان . بۇنىڭدىن سىرت ئۇ كىتابتا ئاسترونومىيىلىك ، ماتېماتىكىلىق ۋە تارىخى ئۇچۇرلار بار.

4 ) « خان جەمەتى كالېندارى » . بۇ كىتاب « ئۆتكەن ئەسىرلەردىن قېپقالغان يادىكارلار » ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىلىپ فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە تېكىستلىك رىسالە.

5 ) « ئەل قانۇن ئەل مەسئۇدى » . ئۇ ئالەم ئىلمى ، جۇغراپىيە ۋە ئىنژېنېرلىق قامۇسى بولۇپ ، 1030 - يىلى ئەمدىلا دادىسىنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولغان غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى مەسئۇد ( 999 - 1041 ) ئىبنى مەھمۇد ئەل ( 971 - 1030 ) غەزنەۋىگە بېغىشلانغان.

6 ) « ئاسترونومىيە ماھارىتىنى چۈشىنىش » .

ئۇ ئەرەب ۋە پارس تىلىدىكى ماتېماتىكا ۋە ئالەم ئىلمى توغرىسىدا سوئال-جاۋاب ئۇسلۇبىدا يېزىلغان كىتاب.

7 ) « دورىگەرلىك كىتابى » : دورىلار قامۇسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى يېتۇك ۋە قىممەتلىك تىببىي ئەسەر .

8 ) « گۆھەرنى بىلەلەيدىغان ئاما » : مەۋدۇد ئىبنى مەسئۇد ئەل غەزنەۋىگە بېغىشلانغان مىنېرال ماددىلار ۋە گۆھەرلەرنى بىلىشنىڭ گېئولوگىيەلىك قوللانمىسى.

9 ) « ئاسترونومىيەلىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچ» .

10 ) « مەھمۇد غەزنەۋى ۋە دادىسى سۇبۇق ( سۇتۇق ) تېكىن ھەققىدە بايانلار » . مەزكۇر تارىخ كىتابى بىزنىڭ ھازىر قولىمىزدا بار بولغان غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇدنىڭ دادىسىنىڭ ئەسلىدە سامانىلار تەرىپىدىن

بۇلاپ كېتىلگەن قاراخانىلار جەمەتىدىكى بىر تېكىن ئىكەنلىكى، غەزنەۋىلەرنىڭ قۇرغۇچىسى ئالپ تېكىن ( 901 -963 ) ئۇنىڭ قاراخانىلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى بىلگەچكە ، ئوبدان بېقىپ قاتارغا قوشقانلىقى، ئاخىرىدا غەزنەۋىلەر سۇلتانلىرى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىدا داۋام قىلغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلارنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ساناقلىق مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بىرسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، غەزنەۋىلەر قاراخانىلارنىڭ خۇراسان ، خارەزىم، ئىران ، ئەزەربەيجان ، ئافغانىستان ، تاخارىستان، كەشمىر ، پاكىستان ۋە ھىندىستاندىكى سايىسى ۋە كۆلەڭگىسى دېسەك خاتالاشمايمىز . مانا بۇمۇ ئۇلارنىڭ قاراخانىلاردەك ئاتا - بوۋىسى ياكى سالجۇقىلاردەك دادىسىنىڭ نامىنى قوللانماستىن ، بەلكى « غەزنە » شەھىرىنىڭ ئىسمىنى قوللىنىشىنىڭ بىر سەۋەبىدۇر .

## 7 . ۋاپاتى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ تەقدىرى

بىرۇنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە كېيىنكى ئەسىرلەردە ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىنى ئاساس قىلغان يېڭى بايقاشلار پەقەتلا مەيدانغا كەلمىگەن . شۇنداقلا بۇ كىتابلارنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۆۋەن سەۋىيەلىك باشقا ئاپتورلار ئاساسەن نەقىل كەلتۈرمىگەن . ئاقىۋەت بۇ يازمىلار نەچچە يۈز يىلدىن ( يەتتە يۈز يىل ) كېيىن ئاندىن غەربىي ياۋروپا تەرەپتە تارقىلىشقا باشلىغان . باشقا جايلاردا تارقىلىشتىن توختىغان . چۈنكى 1092 - يىلى 14 - ئۆكتەبىر ۋە 18 - نويابىردىكى سالجۇقىلار سۇلتانى مەلىكشاھ بىلەن ئۇنىڭ دانا ۋەزىرى - « سىياسەتنامە » نىڭ ئاپتورى نىزامۇلمۇلك ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ جالالىيە تۈركان خاتۇن 1094 - يىلى سېنتەبىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، غەربىي ئىسلام دۇنياسى مەنىۋي جەھەتتە جاھالەتنىڭ ، ھەربىي جەھەتتە ئەھلى سەلىپنىڭ ، ماددىي جەھەتتە ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ زەربىسىدە كۈنسېرى نادانلىشىپ ، ئاجىزلىشىپ ۋە قاتتىق چىرىكلىشىپ تۈگىشىپ كەتتى . ئەھلى سەلىپ بالاسى 1250 - يىلى ئاران ئاخىرلىشىپ تۇرسا، 1256 - يىلى موڭغۇل ئىستىلاسى باغداتتىكى بارچە بىلىم خەزىنىسىنى ئەبەدىي يوق قىلدى.

شەرقتە بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ قاغانى ، سالجۇقىلار ۋە غەزنەۋىلەرنىڭ مەنىۋىي ئۇستازلىرى ، ئىسلام دۇنياسىنى شەرقتىكى كۆچمەن تاجاۋۇزچىلاردىن قوغدايدىغان بۈيۈك قاراخانىلارمۇ 1126 - يىلى مەھمۇد كاشغەرىي، 1128 - يىلى ئۇنىڭ نەۋرە جىيەنى ئەھمەد بۇغراخان ( [1068 - 1128] ھەسەن بۇغراخان ئوغلى) نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاجىزلاپ كەتكەن. جۇرجىتلاردىن قېچىپ كەلگەن خىتاي خانزادىسى يوللۇغ تاش ( 1092 - 1142 ) ئۇدا بېسىپ كىرىپ ، بارلىق كۆچمەن قەۋملەرنى كۈشكۈرتۈپ ، 1134 - 1141 - يىللىرى ھەر ئىككى قاراخانىلار قاغانلىرىنى تىزگىنى ئاستىغا ئېلىۋالغان . قاراختايلار دەۋرىدە مەدەنىيەتتە چېكىنگەن قاراخانىلار 1211 - 1218 - يىللىرى نايمان خانزادىسى كۈچلۈكنىڭ زوراۋانلىقى تۈپەيلى پۈتۈنلەي خارابلىشىپ كەتكەن . ئۇندىن كېيىنكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن ، بىرۇنى كەبى ئېنسىكلوپېدىك بۈيۈك ئالىملار قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقالمىغان . ئاقىۋەت بۇ ئۇزۇنكچىلىك مەركىزىي ئاسىيانىڭ 1600 - يىللىرىدىن تا ھازىرغىچە چۈشكۈنلىشىپ ، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق چەتلىرىدىكى ياتلاردىن مانجۇرلار ، ئورۇسلار ۋە ئېنگلىزلارنى چىللاپ كەلگەن . نەتىجىدە بىرۇنى يازغان بۇ ئالەمشۇمۇل كىتاب ھىندىستانلىقلار تەرىپىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ كۈشەندىسى بولغان بۈيۈك بېرىتانىيە تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن . بولۇپمۇ ھىندىستان مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى مەزكۇر كىتابى 17-ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىندىستاندىكى پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان .

مەزكۇر كىتابى 17-ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىندىستاندىكى پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان . بولۇپمۇ بابۇر شاھنىڭ 1542 - يىلى 14 - ئۆكتەبىر تۇغۇلغان نەۋرىسى ئەكبەر شاھ 1605 - يىلى 13 - ئۆكتەبىر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئاتىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد سىياسىتى جەھەتتىكى خاتالىقىنى تۈزەتكەن

جاھانگىر شاھ تېخىمۇ ئەجەللىك تارىخىي خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ، 1600 - يىلى 31 - دېكابىر ئايال پادىشاھ ئېلزابىت بىۋاستە ئارقا تېرەك بولغان ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىگە بابۇرىلار ئىگىلىكىدىكى جەنۇبىي ئاسىيادا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىدۇ . 1627 - يىلى 8 - ئۆكتەبىر جاھانگىر شاھ 58 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ . ئۇ 1569 - يىلى 31 - ئاۋغۇست تۇغۇلغانىدى. گەرچە مەزكۇر شىركەت دەسلەپتە پەقەت سودا ئىمتىيازىغا قانائەت قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى كۈچلۈك ھۆكۈمدار ئالەمگىر ئەۋرەڭزىپ 1709 - يىلى ۋاپات بولغاندىن يۈزەكلىك ھالدا سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىپ ، 1758 - يىلدىن 1858 - يىلغىچە ھىندىستاننى يۇتۇۋالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۇتۇقلۇق ھەرىكىتى يۇقىرىقى بىرۇنى يازغان ھىندىستان ھەققىدىكى كىتاب ئىچىدىكى مەزمۇنلار بىلەن ھىندىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشتىن كېلىپ چىققان . 19 - ئەسىردە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئىمتىيازى بۈيۈك بېرىتانىيەنىمۇ قاتلاپ تاشلاپ ، مەنچىڭ خانلىقىغا ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغاش ، ھىندىستاندىكى بابۇرىلار ئىمپىرىيىسىنى يىقىتىش قاتارلىق سەۋىيەگە يېتىدۇ . شۇڭلاشقا ئايال پادىشاھ ۋېكتورىيە 1874 - يىلى مەزكۇر شىركەتنى تارقىتىۋېتىپ، 1876 - يىلى ھىندىستانغا ئۆزى بىۋاستە ئىمپېراتور بولىدۇ .

## خاتىمە : ئالىمنىڭ شۆھرىتى ، كېيىنكىلەرنىڭ باھالىرى ۋە ئەسلەش پائالىيەتلىرى

بىرۇنى ماتېماتىك ۋە فىزىكا ئالىمى بولۇپ ، دورىگەرلىك ، ئېنسىكلوپېدىك يېزىقچىلىق ، ئاسترونومىيە ۋە تارىخقا قىزىققىدۇ. ئۇ ئالىم مەنسۇر بىن ئىراق (970-1036) قولىدا ماتېماتىكا ئۆگەنگەن . ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980-1037) ۋە تېھران ئۆلكىسىگە جايلاشقان رەي شەھىرىدىن كەلگەن ئىبنى ماسكوي (932-1030) قاتارلىق پەيلاسوپلار بىلەن دەۋرداش بولغان . ئۇ ساياھەت جەريانىدا گېرېك ۋە سانسكرىت تىلىنى ئۆگەنگەن ۋە كۆپىنچە ئەرەب ۋە پارس تىلىدا ئەسەر يازغان .

ئەل بىرۇنى ھىندىستان تارىخىدا يازغانلىرىدىن باشقا ، ئىلمىي ، تارىخى ۋە ئاسترونومىيىلىك مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان ۋە ئۇچبۇلۇڭ ، چەمبىرەك ، ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك ، يەرنىڭ ئايلىنىشى ۋە نۇر تېزلىكى بىلەن ئاۋاز تېزلىكىنىڭ پەرقىنى ھېسابلاشقا تۆھپە قوشقان. ئۇ يەنە دورىگەرلىك ۋە مېدىتسىنا ھەققىدىكى كىتابلىرى بىلەن داڭق چىقارغان ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «تېبابەتتىكى دورىگەرلىك» ناملىق كىتابنى يازغان ، كىتاب ھەر خىل دورىلارنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى تونۇش ھەققىدە يېزىلغان . گرېتسىيە پەيلاسوپلىرىدىن ئارىستوتىل ، ئارخىمېدېس ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىدە ، ئەل بىرۇنى ئىلمىي تەتقىقاتىنى 17 يېشىدىلا باشلىغان . ئۇ قۇياشنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىققان . ئۇ قۇياشنىڭ ھەرىكىتىدىن بارلىق پەسىللەرنىڭ قاچان باشلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى . ئۇ يەر شارىنىڭ دىئامېتىرىنى بۈگۈنكى سانلىق قىممەتكە ناھايىتى يېقىن كەلگىدەك دەرىجىدە توغرا تاپقان ئىدى . ئۇ جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ قۇرغۇچىسى بولدى . ئىنسانشۇناسلىق ۋە ھىندىشۇناسلىق ئاتىسى دەپ تەرىپلەندى . ئۇ ھىندىستاندىكى چېغىدا ئۆگەنگەن ترىگونومېترىيەنى ئاسترونومىيە بىلەن ئايرىم ئىلىم دەپ قاراش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رادىئونى ترىگونومېترىك فۇنكسىيەدە بىرلىك قىلىپ ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەردى .

ئەل بىرۇنى ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش ئۈچۈن نۇرغۇن قوراللارنى ئىجاد قىلدى. بەختكە قارشى ، ئۇ تەتقىق قىلىپ چىققان نۇرغۇن ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ غايىب بولدى. پەقەت پىكنومېتىر ، مېخانىك ئاسترولابا ۋە بىر قىسىم خەرىتە مۆلچەرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئۆلچەش قورالىغا ئايلاندى.

ئەل بىرۇنى ناھايىتى ياخشى ئېنسىكلوپېدىك يازغۇچى ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەل ئاسارىل باقىيە ئەنىل قۇرۇنىل خالىيە ( قەدىمقى دەۋردىن قالغان ئاسار - ئەتىقىلەر ) » ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە ئىشلىتىلگەن كالېندار سىستېمىسىنى كۆرسەتتى . ئۇ ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دەسلەپكى ئىلىملىرىنى تەسۋىرلەپ ، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە ۋە ئاسترونومىيەنىڭ ئاساسلىرىنى چۈشەندۈردى.

ئەل بىرۇنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام دەۋرىدە تونۇلغان ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ ، ئۇنىڭ بىلىمى فىزىكا ، ماتېماتىكا ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ئۇ تارىخچى ، تىلشۇناس ۋە ۋاقىتشۇناسلىق ئالىمى سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئەل بىرۇنى ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى دېگۈدەك ئۆگەندى ، ئۇنىڭ تەتقىقاتى ۋە جاپالىق ئەجرى مۇكاپاتلاندى . ئۇنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن خان ئوردىسى ۋە جەمئىيەتتىكى نوپۇزى كۈچلۈك ئەرباپلار ئۇنى ئىلمىي تەتقىقات ۋە بەزى ئىشلارنى بايقاشقا ئۈندەش ئۈچۈن پائال قوللىدى . ئەل بىرۇنى ئىسلامىيەتنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ياشىغان ئالىم بولۇپ ، بارغانلا يەردە ئىسلام دىنىنىڭ مېتودولوگىيەسى ۋە تەپەككۇرى بىلەن بىللە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان . ئەل بىرۇنى بۇ خىل تەسىردىن باشقا ، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان ، مەسىلەن گرېتسىيەلىكلەر ئۇنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتىدىن ئىلھام ئالغان . ئەل بىرۇنى خارەزىم ، پارس ، ئەرەب ، گرېتسىيە ، سانسكرىت ، ئىبرانىي ۋە سۈرىيە تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى . ئەل بىرۇنى كۆپ ۋاقتىنى غەزنەۋىلەرنىڭ پايتەختىگە ئايلانغان ( ھازىر ئافغانىستاننىڭ شەرقىي مەركىزىگە جايلاشقان ) غەزنىدە ئۆتكۈزدى. ئەل بىرۇنى جەنۇبىي ئاسىياغا ساياھەتكە بېرىپ ، ھىندىستاندا قوللىنىلغان ھىندى دىنى ئۈستىدە ئىزدەنگەندىن كېيىن ، ھىندىستان مەدەنىيىتى توغرىسىدا «ھىندىستان ھەققىدە ئەقىل قوبۇل قىلالايدىغان نەرسىلەر توغرىلىق تەتقىقات » ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىنى يازغان . بۇ كىتاپ « ھىندىستان » دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئەل بىرۇنىنىڭ ئىسمى «ھىندىستانلىقلارنىڭ ئاتىسى ياكى ھىندىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاتىسى» دەپ شۆھرەت تاپتى . بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە ، ئەينى ۋاقىتتا فىردەۋسى يازغان « شاھنامە » ئىراننىڭ قۇتقۇزۇلغان تارىخى دەپ ئاتالغان بولسا، مەزكۇر ئەسەر قەدىمقى ھىندىستاننىڭ قۇتقۇزۇلغان تارىخى دەپ ئاتالغان . ئۇ يەنە نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئېتىقادى ھەققىدە سېستىمىلىق يازغانلىقى بىلەن تونۇلغان . ئۇ **11**-ئەسىرنىڭ بېشىدا ھىندىستاننى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن « ئۇستاز » ( بۈيۈك پروفېسسور ) دەپ ئاتالغان.

ھازىرقى دەۋرىمىزدە قېلىپلاشقان ياكى سانلىق قىممىتى ئىنتايىن يېقىن بولغان بىر تۈركۈم مىنېرال ماددىلارنىڭ نىسپىي زىچلىقىنى توغرا تېپىپ چىقالىغان . بۇمۇ بىرۇنى ھەققىدىكى مۆجىزىلىك بايانلارنىڭ سۈرىنى ئاشۇرغان .

بىرۇنىنىڭ تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى فىلىم **1974** - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن . ئۇنىڭ ئىسمى يەنە ئاي شارىدىكى يانار تاغ ئورەكلىرىنىڭ بىرىگە بېرىلگەن. يەنە كىچىك بىر سەييارە يۇلتۇزغا « **9936**-ئەل-بىرۇنى » دەپ ئات ( ئىسىم ) قويۇلغان.

**2009**-يىلى **6**-ئايدا ، ئىران بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋېيېنادىكى ئىشخانىسىغا ئارخولوگىيەلىك ساراي ھەدىيە قىلدى ۋە ۋېيېنا خەلقئارا مەركىزىدىكى مەركىزى خاتىرە سارىيىغا كۆرمەزگىگە قويۇلدى . بۇ سارايغا « ئۆلىمالار بۆلمىسى » دەپ ئىسىم قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ، ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى ، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىن زاكارىيا ئەل رازى ۋە ئۆمەر ھەييام قاتارلىق **4** داڭلىق دۇنياۋى تەتقىقاتچىنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى . ئىرانلىقلار ھازىرمۇ بىرۇنىنىڭ ئانا تىلىنىڭ پارس تىلىنىڭ بىر شېۋىسى ئىكەنلىكىنى ، چالا ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئىشەنچسىز ھۆججەتلىرىنى ، ھەمدە ئۇنىڭ بىر

مەزگىل سۇلتان قابۇس بىلەن ئىراندا ياشىغانلىقىنى تۇتقا قىلىپ ، ئىزچىل ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنى پارس ئىدى دەپ چىڭ تۇرماقتا . تاجىكلار بولسا ئۇنى تاجىك ئىدى دەپ جار سالماقتا . ئۆزبېكلەر ئۇنىڭ ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆزبېك ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا ، ئافغانلار ئۇنىڭ غەزنىدە ۋاپات بولغانلىقىنى شىپى كەلتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئافغانلىق ئىكەنلىكىنى جار سالماقتا . تۈرك ئومۇمىي تارىخ تەرەپدارلىرى ئالىمنىڭ تۈرك ئىرقىدىن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، بىچارە ئۇيغۇرلار دۆلەتسىز ۋە خەلقئارادا ئورنى يوق بولغاچقا ، ئىگە چىقىشقا ھەقلىق بارلىق ئالىملىرىغا ئىگە چىقىشتىن مەھرۇم قالغاندىن سىرت ، ھەتتا بادام دوپپا بىلەن ئەتلەسنى ئۆزبېكلەرگە ، يوللۇق تون بىلەن پولۇنى تاجىكلارغا تارتقۇزۇپ قويماقتا .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ۋەتەنسىزلىك ، ئاسارەتتە ئۇزۇن مۇددەت قېلىشىمىز بىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشىمىزنى قانداق تارتىۋالغان بولسا ، ھازىرمۇ بۇگۈنگە تەئەللۇق بارچە ھەقلىرىمىز يەنىلا شۇنداق تارتىۋېلىنماقتا . ئۇيغۇر خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىنىدىغان ، ھەرىكەتلىنىدىغان ۋە تارتلايدىغان ۋاقىت ئاللىبۇرۇن كەلدى . چۈنكى بۇ قېتىم يەنە ئورنىمىزدىن تۇرالمىساق، ئەمدى مەڭگۈ قوپۇپ كېتەلمەيمىز .

## ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمى ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا قوشقان ئۇنتۇلماس تۆھپىسى

ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ دۇنياۋى تۈركولوگىيە ئىلمى ۋە ئۇمۇمىي ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئىنتايىن نازۇك ۋە مۇھىم سىرلىرىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى ھەققىدە مۇستەقىل بىر تېما يېزىلمىسا مەزمۇنىنى ئاسانلىقچە يورۇتقىلى بولمايدۇ . شۇنداقتىمۇ مەزكۇر تەرجىمىھال يەنىمۇ ئۇزىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىز پەقەت ئىككىلا ئاتالغۇنى مىسال كەلتۇرۇش ئارقىلىق بۇ مەزمۇننى قىسقىچە ئەسلەتمەكچى بولدۇق :

**1 ) . « تۇرۇشكا »**

« تۇرۇشكا » ئاتالغۇسى ئۇزۇندىن بېرى زادى قايسى قەۋمنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق بولمىغان ھىندىچە ئاتالغۇ بولۇپ ، بۇ غەلىتە ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى بىزگە يېشىپ بەرگەن . ئۇ سانسكرىت تىلىنى پىششىق بىلگەچكە ، ئۇزۇن يىللىق تىل تەتقىقات ۋە تارىخىي بىلىملىرىگە ئاساسەن « تۇرۇشكا » نى « تۈرك » دەپ كېسىپ ئېيتقان . شۇنىڭ بىلەن دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسى ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىدە مەنىسى ئېنىق بولمىغان مۇھىم بىر ئۇقۇم يورۇتۇلۇپ ، ئەڭ قەدىمقى ھىندىچە مەنبەلەردىكى تۈركلەرگە ئالاقىدار قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار ، ئومۇمىي تۈرك تارىخىنى تېخىمۇ بېيىتقان . ئەگەر بىرۇنى بولمىغان بولسا ، زامانىمىزدا « تۈرك » ئاتالغۇسىنى « تۇرۇشكا » دېيىش ئۇدۇم پېتى قېپقېلىشى ، ھەمدە نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلار ئىگىسىنى تاپالماسلىقى مۇمكىن ئىدى .

**2 ) . « كانىشكا »**


بىرۇنى قاراخانىلار ، غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقىلار خان جەمەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختالغاندا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا « قانىق »دېگەن ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تەكىتلىگەن . بۇ يەكۈن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ۋە چىگىش تۈگۈنىنى يېشىپ تاشلىغان . چۈنكى غەزنەۋىلەرنىڭ داڭلىق سۇلتانى مەھمۇد ۋە دادىسى سۇبۇق تېكىن ھەققىدىكى قىممەتلىك مەلۇماتلارنىمۇ تۇنجى بولۇپ بىرۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان . بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىقى ئەسەرلەر بابىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق . يەنى غەزنەۋىلەر خان جەمەتى ئەسلىدە قاراخانىلار خان جەمەتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، سامانىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۇلار ئەسىرگە ئېلىنىپ ، بۇلاپ كېتىلگەن . سالجۇقىلارغا كەلسەك ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى ئىسىملىرىغا قارىساقلا ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھازارلاردىن ئىكەنلىكى ئېنىق

بولىدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، 650 - يىلى غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىقى ئۇزۇل - كېسىل مۇنقەرز بولغاندا ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ھازار خانلىقى كۈچلۈك قاغانلىققا ئايلىنىپ ، بىرلا ۋاقىتتا ئەرەب ئۇمەييەلەر خەلىپىلىكى ( 661 - 750 ) ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ( 395 - 1453 ) بىلەن يۈز يىللاپ ئۇرۇش قىلىپ خوراپ، ئاخىرىدا ھەر ئىككى دىنىنىڭ بىرىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن 740 - يىلى يەھۇدىي دىنىغا كىرگەن . بىراق ھازار قاغانلىقى كېيىنچە تۇنجى ئورۇس دۆلىتى ( 866 - 1239 ) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان بولۇپ ، تەركىبىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەر يا پەچەنەك تۈركلىرىگە قوشۇلۇپ غەرپكە كۆچۈپ كەتكەن، ياكى شەرققە كۆچۈپ كېلىپ ، كونا قېرىنداش قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئوغۇز يابغۇلىقى ( 755 - 1055 ) قا قوشۇلۇپ كەتكەن . سالجۇقنىڭ دادىسى تاقاقبەگمۇ ئەنە شۇ قاتاردا ئوغۇز يابغۇلىقىغا بەيئەت قىلغان . كېيىن سالجۇق ئوغۇزلاردىن قېچىپ ، بۇخاراغا كېلىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسرائىل ، مىكائىل ، مۇسا ۋە داۋۇتلار بولۇپ، سالجۇق 1007 - يىلى غەربىي قاراخانىلار زېمىنى بولغان « جۇند » تا قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسرائىل ئارسلان« يابغۇ » نامى بىلەن قەبىلە باشلىقى بولغان. كېيىنچە مەھمۇد غەزنەۋى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن بىرلىشىپ 1024 - يىلى ئىسرائىلنى تۇتقۇن قىلىپ، كالانجىر قەلئەسىدە ئۆلگىچە نەزەربەنت قىلغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى مىكائىل قەبىلە باشلىقى بولغان . بىراق ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھۇجۇمىدا 1028 - يىلى ئۆلۈپ كېتىپ، ئورنىغا ئىككى ئوغلى چاغرىبەگ داۋۇت بىلەن توغرۇلبەگ مۇھەممەد قەبىلە باشلىقى بولغان. چىقىش يولى قالمىغان سالجۇقلار يۈسۈپ قادىرخاننى پاناھ تارتىپ قەشقەرگە كەلگەن . تۈركلەرنىڭ قاغانلىققا سادىق بولۇشى ئۇلارنى تاشقى خەتەردىن ساقلاپ قالىدىغان ياخشى چارە ئىدى . مانا مۇشۇ توغرۇلبەگ 1045 - يىلى باغدات خەلىپىسىگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ مەكتۇپ يازغاندا : « مەن ئىلگىرىكى ئالدامچى ۋە كاززاپ كىشىلەردىن ئەمەس ، بەلكى سەمىمىي ۋە سۆزىگە سادىق ئۇلۇغ ھون نەسلىدىن ..... » دەپ سۈپەتلىگەن . بىرۇنى يۇقىرىدا ئېيتقان ھۆكۈم خاراكتېرلىق يەكۈن ، توغرۇلبەگنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلغانلىرى ، ئۇندىن باشقا 1074 - يىلى 10 - فېۋرال پۈتتۈرۈلگەن « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ : « تەڭرى ئىنسانلار ئىچىدىن تۈركلەرنى تاللىدى . مەن تەڭرىنىڭ سەلتەنەت قۇياشىنى تۈركلەرنىڭ بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى كۆردۈم .... مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن ...... زامانىمىز سۇلتانلىرىمۇ شۇلاردىن .... » دېگەن بايانلىرى بۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ . شۇنداق بولغاندا ، ھازىرقى زاماندىكى خاتا تارىخىي قاراش بويىچە نوقۇل جۇغراپىيىلىك ئورنىغا قاراپلا شەرقتىكى قاراخانىلارنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ، جەنۇپتىكى غەزنەۋىلەرنى ئىران - ئافغانىنىڭ ، غەرپتىكى سالجۇقلارنى ئاناتولىيە تۈركلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئەخداتلىرى دەپ تۇرۇۋېلىش خاتالىق . توغرىسى غەزنەۋىلەر بىلەن سالجۇقلار ھەم نەسەپ جەھەتتىن ھەم دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن قاراخانىلاردىن شاخلاپ چىققان پۇتاقلىرى ۋە غوللىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . بۇنداق بولغاندا ، ھازارلارنىڭ ئۇيغۇرلادىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.


مەنبەلەر :


1 . بىرۇنىنىڭ تەرجىمىھالى.
2 . دۇنياۋىي بايقاشلار ۋە ئۇنتۇلماس زاتلار .
3 . ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى .
4 . ئەرەب ۋە مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىنسىكلوپېدىيىسى .
5 . تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى .
6 . قاراخانىلار قاغانلىرى شەجەرىسى .
7 . غەزنەۋىلەر تەزكىرىسى .
8 . ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تارىخى .
9 . تەڭداشسىز پەيلاسوپ ئەل بىرۇنى .

10 . داڭلىق فىزىك ۋە ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنى .
11 . ئەلكامىل فىي تارىخ .
12 . شەرقىي تۈركىستان تارىخى .
13 . ئۇيغۇر يىلنامىسى .
14 . ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پېشۋالىرى .
15 . ئەرەبلەرنىڭ پېتلومىسى - ئەل بىرۇنى.
16 . ئەلبىدايە ۋەننىهايە .
17 . سامانىلار تارىخى .
18 . تارىخى بەيهەقى.
19 . خارەزىمنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە تارىخى .
20 . ۋىكىپېدىيا



مىسلىسىز ئويغىنىش



# بارلىق رەھىمسىزلىكنىڭ يىلتىزى

پاۋل بلۇم

90 2020 ماي - ئىيۇن

بىز «زوراۋانلىق قىلغۇچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى هايۋان ئورنىدا كۆرىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كەلگەندۇق، لېكىن ئەمەلىيەت تېخىمۇ ئېچىنىشلىقتۇر.

ئوتوپىيەچىلىككە قارشى، فانتازىيەلىك تېلېۋىزىيە فىلىمى «قارا ئەينەك»نىڭ يېڭى قىسمىدا، بىر جەڭچى «سۇۋەرەك» دېيىلىدىغان ئادەمسىمان، كۆرۈمسىز مەخلۇقلارنى قوغلاپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ غەلىتە مەخلۇقلار تاقابىل تۇرۇشى ئىلىم - پەن فانتازىيە فىلىملىرىدىكى تىپىك سىنارىيەلەردىن بىرى، لېكىن مەزكۇر فىلىمدە باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان مۇنداق بىر جىددىي بۇرۇلۇش بار: مەزكۇر جەڭچى ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىغا پروگراممىلانغان مېڭە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار قوغلاۋاتقان نىشانلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە غەلىتە مەخلۇق سىياقىدا كۆرۈنىدىغان، بۇ نىشانلارنىڭ رەھىم – شەپقەت تىلەپ قىلغان ئاهۇ – زارلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان چىرىلداشتەك ئاڭلىنىدىغان بولغان. لېكىن، بۇ جەڭچىگە مېڭە كۆچۈرۈش ئۇتۇقلۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقتۇر «ئىنسانىيەتنىڭ باتۇر قوغدىغۇچىسى» بولماستىن، مۇئەييەن بىر گۇرۇپپا خارلانغان كىشىلەر (بۇلارنىڭ پروتوتىپى 1940 – يىللاردىكى ياۋروپالىق يەھۇدىيلاردۇر)نى يىلتىزىدىن يوقىتىۋېتىشكە ئىشتىراك قىلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن رەھىمسىز جاللات ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

پەيلاسوپ دېيۋىد لىۋىڭىستون سمىس (**David Livingstone Smith**) ئىجتىمائىي تاراتقۇدا مەزكۇر تېلېۋىزىيە فىلىمى ھەققىدىكى باھاسىدا، بۇ فىلىمنىڭ سىنارىيەسىنى يازغۇچىنى ئۆزىنىڭ «ئىنساندىن بەتتەر: بىز نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى خارلايمىز، قۇل قىلىمىز ۋە يوقىتىمىز؟» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغانمىدۇ دەپ ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ رەھىمسىزلىكى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈلگەن ۋە بۇ تېما ئىنچىكە تەھلىل قىلىنغان كىتاب بولۇپ، مەزكۇر تېلېۋىزىيە فىلىمى ئۇنىڭ يادرولۇق ئىدىيەسىنى، يەنى «كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئىنسانلىقىنى تونۇمىغان، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلمىغان ۋاقىتتا، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىدۇ» دېگەن ئىدىيەنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن.

سمىسنىڭ كىتابىنىڭ يەنە بىر مەركىزىي نۇقتىسى – قۇلدارلارنىڭ پوزىتسىيەسىدۇر. 17 – ئەسىردىكى خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچى مورگان گادۋىن (**Morgan Godwyn**) قۇلدارلارنىڭ نېگىرلارنى «ئۇلارنىڭ بەزى قىياپەت ئالاھىدىلىكلىرى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن ئادەم ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلار روھىيەتتىن نېسىۋىسىز، ياۋايى ھايۋانلار قاتارىغا تىزىلىدىغان ۋە شۇنىڭغا كۆرە مۇئامىلە قىلىنىدىغان مەخلۇقلاردۇر» دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقىغان. ئاندىن بۇ كىتابتا يەھۇدىي چوڭ قىرغىنچىلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەن ئۆزۈم بىلەن تەڭتۇش نۇرغۇن يەھۇدىيلارغا ئوخشاش، زەھەرلىك گاز ئۆيى، قورقۇنچلۇق تىببىي تەجرىبىلەر ۋە سانجاق – سانجاق قەبرىلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇم. بۇ ناتسىستلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى (يەھۇدىي)لارنى ئىنسان قاتارىدا كۆرمىگەنلىكىدىن مەنبەلەنگەن قەبىھلىك ئىدى. پسىخولوگ ھېربېرت كەلمان (**Herbert C. Kelman**)نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىنسانلارنىڭ (روھىيىتىدىكى) ئۆز تىپىنى (يەنى باشقا ئىنسانلارنى) ئۆلتۈرۈشكە بولغان چەكلىمە شۇ قەدەر كۈچلۈككى، كىشىلەرنى راۋان، تەرتىپلىك ھالدا سىستېمىلىق ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇلارنى ئىنسان قاتارىدىن چىقىرىۋېتىشكە (يەنى ئۇلارنى ئادەم ئەمەس دەپ قاراشقا) توغرا كېلىدۇ». ناتسىستلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل قاتىللىق قىلمىشىنى پەردازلاش ئۈچۈن «يۆتكەش» ياكى «تازىلاش» دېگەندەك يوپۇقتا ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ.

ئىنسانشۇناس كىلاۋد لېۋى ستراۋس (**Claude Lévi-Strauss**)نىڭ ئېيتقىنىدەك، «ئىنسانلار قەبىلىنىڭ، تىل گۇرۇپپىسىنىڭ، گاھىدا ھەتتا كەنتنىڭ پاسىلىدا توختاپ قالدى». بۈگۈن، بۇ خىل ھادىسە ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەندەك قىلىدۇ. گۇگېلغا ئۆزىڭىز ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان، يەھۇدىي، نېگىر، خىتاي،

ھەمجىنىس دېگەندەك تۈركۈملەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا «زىيانداش»، «سۈۋەرەك» ياكى «ھايۋان» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ كىرگۈزسىڭىز، بۇ ھەقتە سان – ساناقسىز نەتىجىلەر كۆز ئالدىڭىزدا زاھىرلىنىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئاساسىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بىر ئاز سەبىر قىلسىڭىزلا، خېلى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭمۇ تېرورچىلارغا، ئىسرائىلىيەلىكلەر ياكى پەلەستىنلىكلەرگە، قانۇنسىز كۆچمەنلەرگە ياكى قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى چېگرادىن چىقىرىۋەتكەنلەرگە قارىتا «ھايۋانلار» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىنى بايقايسىز. بۇ خىل ئىبارىلەر «ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئەلا» دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن، شۇنداقلا «ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئەلا» دېگۈچىلەرگە رەددىيە بەرگەنلەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ چىقىدۇ.

بۇ سۆز - ئىبارىنىڭلا ئىشى ئەمەس. ناتسىستلار ئاشۋىتس (**Auschwitz**) يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى مەھبۇسلارنىڭ بىلىكىگە ئۇلارنىڭ مەھبۇسلۇق نومۇرىنى چېكىپ قويغان. تارىختىن بۇيان، تەتقىقاتچىلار ۋە سىياسىيونلار ئارىسىدا (قارا تەنلىكلەر ۋە يەرلىك ئامېرىكالىقلار <ھىندىئانلار> قاتارلىق) مۇئەييەن تۈركۈمدىكىلەرنىڭ «تەبىئىي قۇل» ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئاشكارا بەس – مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى. ھەتتا، ئالدىنقى ئەسىردىمۇ، ئافرىقىلىقلارنى قەپەسلەرگە سولاپ، ياۋروپالىقلارنىڭ تاماشا قىلىشىغا سۇنىدىغان «ئادىمىي ھايۋانات باغچىلىرى» بار ئىدى.

باشقىلارنى «ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش» (**dehumanization**) (ئىنسان قاتارىدا كۆرمەسلىك) ھەققىدىكى دەسلەپكى پىسخولوگىيەلىك تەتقىقاتلار ناتسىستلار بىلەن باشقىلارنىڭ پەرقىگە مەركەزلەشكەنىدى. لېكىن، بۈگۈنكى پىسخولوگلار باشقىلارنى ئىنسان قاتارىدا كۆرمەسلىك ھادىسىسىنىڭ ھەممە يەردە مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئالماقتا. مېلبۇرن (**Melbourne**) ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نىك ھاسلام (**Nick Haslam**) ۋە ئېدىنبۇرگ (**Edinburgh**) ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ستىۋ لافنان (**Steve Loughnan**) بۇ ھەقتىكى مىساللار كۆرستىلگەن بىر تىزىملىكنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنى پۇچۇلايدىغان، تۆۋەندىكىدەك ئىنتايىن ئاددىي مىساللارمۇ بار: «غەزەپلەنگەن ئامما جىنسىي جىنايەت سادىر قىلغانلارنى <ھايۋانلار> دېيىشىدۇ. روھىيىتى ئاينىغانلار ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنى پەقەت ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىشىدىكى ۋاستە دەپ قارايدۇ. پېقىرلار <شاللاق ھاماقەتلەر> دەپ مازاق قىلىنىدۇ. يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ نەزىرىدە ئۆيى يوق سەرگەردانلارنىڭ ھاۋادىن پەرقى يوق. دېۋەڭلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار تاراتقۇلاردا پۈتلىرىنى سۆرەپ ماڭىدىغان جەسەتلەردەك تەسۋىرلىنىدۇ».

«باشقىلارنى جىسىم ياكى ھايۋان دەپ قاراش بىزنىڭ ئەڭ قەبىھ ئىشلارنى سادىر قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەر نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، بىز بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە بۇنى ئەمەلىيەتكە تۈپتىن زىت دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز.

ياۋروپادىكى بەزى پۇتبول مۇسابىقىلىرىدە، تاماشىبىنلار ئافرىقىلىق پۇتبولچىلارغا قاراپ مايمۇننىڭكىدەك ئاۋاز چىقىرىشىدۇ ۋە ئۇلارغا (مايمۇنغا تاشلاپ بەرگەندەك) بانان ئاتىدۇ. ئافرىقىلىقلارنى «مايمۇن» دەپ سۈپەتلەش تېپىك ئىرقىي كەمستىش، شۇنداقلا «ئىنسان قاتارىدا كۆرمەسلىك»نىڭ يەنە بىر تېپىك مىسالىدۇر. لېكىن، (بۇ پۇتبولچىلارنى مازاق قىلغان) ئاشۇ توپ مەستانىلىرىنىڭ ئۇلارنى ھەقىقەتەن مايمۇن دەپ قارىمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى پۈتۈن مەقسىتى توپچىلارنى (مۇسابىقىنى ياخشى ئوينىيالمايدىغان قىلىش ئۈچۈن) گاڭگىرىتىش ۋە ھاقارەتلەشتۇر. بۇ خىل مەسخىرە قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ دەپ قاراشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، قارشى تەرەپنىڭ (يەنى مەسخىرە قىلىنغان پۇتبولچىلارنىڭ) ئاشۇ خىل مۇئامىلىگە ئۇچراش (مايمۇنغا ئوخشىتىلىش)نى نومۇس دەپ قارىشىدۇر. بۇ مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ يەنىلا

ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىنى مەلۇم دەرىجىدە «ئادەم» دەپ قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ (چۈنكى، پەقەت ئادەملا ئاشۇ خىل نومۇس قىلىش دېگەندەك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە).

1938 – يىلى، ھىتلېر ئاۋستىرىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ. تىموسى سىنايدېر (Timothy Snyder) «قارا يەر شارى: تارىخ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق» دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك تەسىرچان قۇرلارنى يازغان:
ئەتىسى ئەتىگىنى «كوچا چوتكىلاش پائالىيىتى» باشلاندى. ئاۋستىرىيە ئاتاكا ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى تىزىملىككە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەلۇماتى ۋە ئۆتكەن – كەچكەنلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى ئارقىلىق يەھۇدىيلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى تىزلىنىپ تۇرۇپ، چوتكا ئارقىلىق كوچىلارنى سۈرتۈپ تازىلاشقا مەجبۇرلىدى. بۇ مۇراسىم تۈسىنى ئالغان خورلاش ئىدى. ئارىسىدا كۆپلىگەن دوختۇر ۋە ئادۋوكاتلار بولغان يەھۇدىيلار تۆۋەنچىسىزلا تىزلىنىپ، ئۆزلىرىنى مازاق قىلىۋاتقان كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا پەس ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئېرنېست p «كوچا چوتكىلاش پائالىيىتى»نىڭ «ئاۋستىرىيە خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى» ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندى. بىر مۇخبىر «ۋېيېنادىكى سېرىق چاچلىق خوتۇنلار ئۆزئارا قىستىلىشىپ يۈرۈپ، يەھۇدىي تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ناتىسىستلارنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن يەڭلىك تاقىۋالغان، قولىدا ئىت قامچىسى تۇتقان ئالتە نەپەر ياش مۇتتەھەمنىڭ ئالدىدا، تىزلانغىنىچە يەرلەرنى سۈرتكىنىنى تېخىمۇ يېقىندىن تاماشا قىلىشقا ئۇرۇنغان»لىقىنى يازغاندى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەھۇدىي قىزلىرى جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى، ياشانغان يەھۇدىي ئەرلەر كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بەدەن چېنىقتۇرۇشقا مەجبۇرلاندى.

كوچا سۈرتۈشكە مەجبۇرلانغان يەھۇدىيلارنىڭ «ئىنسانىي ھېس – تۇيغۇسى كەمچىل» دەپ قارالمىغاندى، ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر خورلاشقا ئۇچرىغان يەھۇدىيلار تېخىمۇ شۇنداق. دەرۋەقە، ئەگەر «يەھۇدىيلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ئاشۇ خورلاشلارغا پەرۋا قىلمايدۇ» دەپ قارالغان بولسا ئىدى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تاماشا كۆرمىگەن بولاتتى؛ يەنى، كىشىلەرنىڭ (كوچا سۈرتۈشكە مەجبۇرلانغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەتراپىغا) جۇغلىشىۋېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئازاب – ئوقۇبەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈندۇر. بۇ خىل رەھىمسىزلىكتە تۆۋەندىكىدەك ئوخشىتىش مەنتىقىسى بار: پەرقلىق ئىككى شەيئى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش پەقەت ئاشۇ خىل پەرق ئاساسىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىنسان بالىسىغا زىيانداش ياكى ھايۋان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ «ھايۋان ئەمەس»لىكى ھەققىدىكى روشەن تونۇشنى ئاساس قىلغان بولىدۇ.

ئۇنداقتا، تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى زوراۋانلىقچۇ؟ دەرۋەقە، بەزى زوراۋانلىقلار، شۇنداقلا زوراۋانلىق قىلىشنى خالاش ۋە قىلىشقا قادىر بولۇش، تېخىمۇ رەھىمسىز مۇھىتتا مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كارغا كېلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، نۇرغۇن زوراۋانلىقلارنى كونترولنى يوقالغانلىقىنىڭ پاكىتى دەپ قارىلىدۇ. «جىنايەتشۇناسلىق 101» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىدە، نۇرغۇن جىنايەتلەر زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراقنىڭ تەسىرىدە سادىر قىلىنىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنى ئۇرغان، باسقۇنچىلىق قىلغان، قاتىللىق قىلغانلار تۇرمۇشنىڭ باشقا جەھەتلىرىدىمۇ ھاياجىنىنى ياخشى كونترول قىلالمايدىغان كېلىدۇ. ھاياجاننىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا، زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن ئېغىر ئېلىنىشى ئۇنىڭ سادىر بولۇشىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

لېكىن ئىنسانشۇناس ئالان فىسك (Alan Fiske) ۋە پسىخولوگ تېيگ راي (Tage Rai)نىڭ «ئەخلاق زوراۋانلىقى: ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بەرپا قىلىش، داۋاملاشتۇرۇش، ئاياغلاشتۇرۇش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش» دېگەن كىتابىدا، بۇ قېلىپلاشقان ئۆلچەملەرنىڭ ئۇنى كەينىگە چېكىندۈرۈۋەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، زوراۋانلىق مەسىلىنى سوغۇققانلىق بىلەن

ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس، شۇنداقلا چەكلىمىنىڭ مەغلۇبىيىتىمۇ ئەمەس. ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ ئەخلاقىي مىزانلارنى كۆرمەسكە سېلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، ئەخلاق بۇ جەھەتتىكى قوزغاتقۇچ كۈچتۇر: «كىشىلەر بەزى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش ئۈچۈن ئازابلاش ياكى ئۆلتۈرۈشنى زۆرۈر، تەبىئىي، قانۇنلۇق، كۆڭۈلدىكىدەك، شۇنداقلا ئەخلاقىي جەھەتتىن مەمنۇن قىلارلىق، دەپ قارىغاندا، زوراۋانلىققا مۇراجىئەت قىلىدۇ». بۇنىڭ روشەن مىساللىرىدىن، ئادەمبومبا، ئائىلىنىڭ ئار – نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن (نومۇسلۇق ئىش قىلغان) ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش، جەڭ مەزگىلىدە مەھبۇسلارنى قىيىن – قىستاققا ئېلىش قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن. لېكىن، فىسك بىلەن راي، قارا جەمئىيەت توقۇنۇشى ۋە يېقىن ھەمراھلارغا قىلىنغان زوراۋانلىقلارنىمۇ مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرگۈزگەن. بۇ ئىككەيلەننىڭ نەزىرىدە، بۇ خىل زوراۋان قىلمىشلار ئۆز نۆۋىتىدە «توغرا ئىش قىلىش»، «ھەققانىي قىساس ئېلىش» ياكى «بىراۋنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش» قاتارلىقلارغا بولغان تەلپۈنۈشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەر بىلەن جىنايەت – ئەدلىيە سىستېمىسى قانۇنلۇق شەكىلدە ئىجرا قىلىدىغان، ئۆچ ئېلىش، چۆچۈتۈش ياكى تەرتىپكە سېلىش نامىدىكى جازالار ئارىسىدا ئىنتايىن كۈچلۈك سىجىللىق مەۋجۇت. قانۇنلۇق ئېمبارگولاردا، ئۇرۇشتا دۈشمەن جەڭچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتە ياكى بىراۋنى ئەخلاقىي مىزانلارغا خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلەشتە ئىپادىلەنگەن ئەخلاق زوراۋانلىقى قارشى تەرەپنىڭ ئەخلاق سۇبيېكتى، يەنى ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا سادىر قىلىنغان.

قاتتىق بەس – مۇنازىرە قوزغىغان «غەمكىن قىز: ئاياللارنى ئۆچ كۆرۈش مەنتىقىسى» دېگەن كىتابتا، پەيلاسوپ كېيت ماننى (Kate Manne) جىنسىي زوراۋانلىق ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «<باسقۇنچىلىق قىلغۇچى ھايۋاندۇر> دېگەن كۆز قاراش ھەجۋىي رەسىملەر ئارقىلىق يوق قىلىندى ۋە بىز شۇ ئارقىلىق <ئاياللارنى خورلاشنىڭ ئادەتتىكى ئىش> ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۈندەلدۇق. بۇ يەردىكى كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئېھتىماللىق شۇكى، كىشىلەر بەلكىم ئۆزىنىڭ خاتا ئېڭىنىڭ ئاستىدا، ئۆزلىرى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن خورلاۋاتقان قارشى تەرەپنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى تامامەن ئېنىق بىلىشى مۇمكىن».
ماننى (ئۇشبۇ كىتابى ئارقىلىق) تەسىر كۈچى زور ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدىيە ئېقىمىغا قارشى چىقتى. كەسىرىن ماككىنون (Catharine A. MacKinnon) «ئاياللار قاچان ئىنسان قاتارىغا ئۆتىدۇ؟» دەپ سوئال قويىدى. رېي لاڭتون (Rae Langton) ئاياللارنىڭ ئەقلى بارلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان «جىنسىي مەنچىلىك» ئىدىيەسى ھەققىدە ئىزدەندى. سانىسىزلىغان نەزەرىيەچىلەر «ئوبيېكتىپلىشىش»، يەنى ئاياللارنىڭ سۇبيېكتىپلىقىنى رەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىنى نەزەرگە ئالماسلىق خاھىشى ھەققىدە توختالدى. ئەمما، ماننىمۇ فىسك ۋە رايغا ئوخشاش، دەل مۇشۇنىڭغا زىت يۆزلىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇھىم ھەقىقەتنى بايقىدى. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «كۆپىنچە ھاللاردا ئاياللارنىڭ ئۆچ كۆرۈلۈشىگە ئۇلاردىكى ئىنسانىيلىقنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكى ئەمەس، بەلكى دەل ئىنسان بولغانلىقى سەۋەب بولغان».

ماننى ئېلىلئوت رودگېر (Elliot Rodger)نىڭ دېلوسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. رودگېر 2014 - يىلى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قىزلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئالتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئون تۆت ئادەمنى يارىلاندۇرغان ۋە ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ئۆلۈۋالغان. شۇ ۋاقىتتا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن رودگېر سىنئالغۇ لېنتىسىدا شۇنداق دېگەن: ئاياللار «سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە جىنسىيەتنى باشقا ئەرلەرگە بەردى – يۇ، ماڭا زىنھار بەرمىدى» دېگەن. ئاندىن ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان ئاياللارغا خىتابەن: «شۇڭا مەن ھەممىڭنى جازالايمەن... مەن ھەممىڭنى بوغۇزلاشتىن غايەت زور خۇشاللىق تاپىمەن» دېگەن. ماننى بۇ دېلودا رودگېرنىڭ ئاياللارنى «جىسىم» (ئادەم ئەمەس) دەپ قارىمىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ پەقەت ئاياللارنىڭ مۇھەببىتى ۋە رومانتىكىسىنىڭ ئۆزىگىمۇ «نېسىپ» بولمىغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن.

ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مېخانىزم ئايالالرنى ئۆچ كۆرۈش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «ئەخلاق»نىڭ تەستىقىنى ئالغان تاجاۋۇزچىلىق – ئاق تەنلىك قۇلدارلارنىڭ «دىن»نى دەستەك قىلىشىدىن تارتىپ، ناتسىستلار بيۇروكراتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى (رەڭگارەڭ) ئىسىملار ئارقىلىق قانۇنىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىغىچە بولغان نۇرغۇن ھادىسىلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر زالىملار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھايۋان ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن بولسا، يۇقىرىقىدەك باھانە – سەۋەب تېپىش ياكى ھەرخىل ئىسىم قويۇش ئارقىلىق ئۆز قىلمىشىنى ئاقلاشقا ھېچقانداق ھاجەت قالمىغان بولاتتى.

ئەگەر ئەڭ رەھىمسىز قىلمىش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى «ئىنسان قاتارىدا كۆرمەسلىك»نىڭ مەھسۇلى بولمىسا، ئۇنداقتا «ئىنسان قاتارىدا كۆرمەسلىك»نىڭمۇ ھەرزامان رەھىمسىزلىككە ياندىشىپ كېلىشى شەرت بولمايدۇ. مانىنى بۇ ھەقتە «تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە ياتقان بىمارلىرىنى نوقۇل بەدەن (جىسىم) دەپ قارىشى خاتا ئەمەس (يەنى قارشى تەرەپنى ئىنسان قاتارىدا كۆرمەسلىك ھەرۋاقىت خاتا بولۇۋەرمەيدۇ)» دەيدۇ.

مانىنى پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز نۇقتىئىينەزىرىدە شۇ ساھەدىكى كۆپلىگەن كەسپىي ئەسەرلەرگە تايانغان، شۇنداقلا مەلۇم جەھەتتە ئۆزىنىڭ مەيدانى بىلەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەيلاسوپى ستراۋسون (**P. F. Strawson**)نىڭ «رېئاكسىيىلىك پوزىتسىيە» نەزەرىيەسى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى تەكىتلەيدۇ. ستراۋسونغا كۆرە، بىز باشقىلارنى ئىنسان سۈپىتىدە كۆرۈپ مۇئامىلە قىلغاندا، مايىل بولۇش، مىننەتدار بولۇش، نەپرەتلىنىش ياكى ئاغرىنىش دېگەندەك ھېس – تۇيغۇلاردا بولۇشتىن خالىي بولالمايمىز. ئىنسان نورمالدا تاغۇ – تاش، مۇشۇك – چاشقان دېگەندەك نەرسىلەرگە قارىتا بۇ خىل ھېسسىياتتا بولمايدۇ. مانىنىڭ كۆز قارىشىنى «باشقىلارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق خەۋپى بار» دېگەن نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. يەنى ئۇنىڭ نەزەرىيەسىگە كۆرە، باشقىلارنى «ئىنسان» سۈپىتىدە كۆرۈش ئۇلارنى ھەقىقىي دوست ياكى سۆيۈملۈك جورا قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتقىنىدەك، ئۇلارنى ئاشكارا دۈشمەن، رەقىب، قارانىيەت، سەركەش، خائىن ۋەھاكازا دەپ تونۇشقىمۇ سەۋەب بولىدۇ.

ئاندىرا پىتزېر (**Andrea Pitzer**) ئۆزىنىڭ ئۇستۇن سەۋىيەلىك، پۇختا ئەسىرى «ئۇزۇن كېچە: يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ دۇنياۋى تارىخى»دا بۇ مۇرەككەپ تېمىلارنىڭ بەزىلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: بىر ھۆكۈمەت بىر بۆلۈك پۇقرالىرىنى قانۇنىي تەرتىپنىڭ سىرتىدا تۇتۇپ تۇرسىلا، يىغىۋېلىش لاگېرى مەۋجۇت بولىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەردە دېگۈدەك يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بولۇپ باققان. بۇ لاگېرلار دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي جاي بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ (يەنى ۋەھشىيلىك) يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئەمەس. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا ياپونىيەلىكلەر ئۈچۈن تەسىس قىلغان لاگېرلار گېرمانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق ئەمەس. ھەتتا، كىشىلەرنى تاماق ۋە قونالغۇ بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بەزى لاگېرلار ئۇلۇغۋار غايىلەر بىلەن قۇرۇلغان، گەرچە بۇ خىل لاگېرلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ، پىتزېرنىڭ تەبىرىدىكى «مەڭگۈلۈك مەھشەرگاھ»قا ئايلىنىپ كەتسىمۇ.
يىغىۋېلىش لاگېرلىرى كۆپىنچە «كەڭ ئاممىنى مەلۇم گۇمانلىق تۇركۇمنىڭ خەتىرىدىن قوغداش ئۈچۈن، ياكى (ئاتالمىش) مەدەنىيلەشتۈرۈش بۇرچىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ياكى مەلۇم بىر مەدەنىي تۇركۇمنىڭ دۈشمەن كۈچلەرنى قوللىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن» بەرپا قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يىغىۋېلىش لاگېرلىرى مەلۇم بىر نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ۋاستە، يەنى ۋاستە خاراكتېرلىك زوراۋانلىقنىڭ مىساللىرىدىن بىرىدۇر. كۆپىنچە ھالالردا، لاگېر جازالاش خاراكتېرىگە ئىگە. پىتزېر شۇنداق دەيدۇ: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، باۋارىيەنىڭ سوتسىيال دېموكرات باش مىنىستىرى كۇرت ئېيسنېر (**Kurt Eisner**) فىرانسىيە ۋە بىرىتانىيەنىڭ لاگېرلىرىغا سولانغان گېرمانىيەلىكلەرنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ

قىلماستىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ «ئىنساپى»دىن ئۈمىد كۈتكەن. ئېيسنېر يەھۇدىي ئىدى. ھىتلېر 1922 – يىلىدىكى نۇتقىدا ئېيسنېرنىڭ ئاشۇ «خائىنلىقى»غا بولغان قاتتىق غەزىپىنى ئىپادىلەپ «يەھۇدىيلارمۇ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ياشاشنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشى كېرەك!» دېگەن.

ئەلۋەتتە، پىتزېرنىڭ خىلمۇخىل يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ھەققىدىكى بايانلىرى رەھىمسىزلىك ۋە خارلاشلارنىڭ نۇرغۇن مىساللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ رەھىمسىزلىك ۋە خارلاشلارنى نوقۇل ھالدا «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىنسانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق»نى مەھسۇلى دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ئۇرۇش تەتقىقاتچىسى جونېس لاڭ (Johannes Lang)نىڭ ناتسىستلارنىڭ ئۆلۈم لاگېرلىرى ھەققىدە ئېيتقىنىدەك: «قارىغاندا قارشى تەرەپنى ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش باشقىلارغا كۈچ ئىشلىتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدەك قىلىدۇ».

(رەھىمسىزلىكنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلگەن) «ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش» نەزەرىيەسىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى خۇش خەۋەر دېگىلى بولمايدۇ. ئىنسانلار ئىزچىل ئۆزىنىڭ ئەڭ ناچار، ئىنسانىيلىققا زىت قىلمىشلىرىنى قالايمىقان ئوي – خىياللاردىن مەنبەلەنگەن دېگەن يەكۈنگە قارىتا ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ خىل يەكۈنگە كۆرە، بىز رېئاللىقنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىش ئارقىلىق، مېڭە كۆچۈرۈلمىسى ياكى ئىدىئولوگىيەگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالايمىز ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرەلەيمىز. ئەمما، ھەقىقىي رېئاللىق تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى، يەنى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ رەزىل يۈزلىنىشىمىز بىردەك باشقىلارنى ئىنسان سۈپىتىدە كۆرگەنلىكىمىزنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

https://www.newyorker.com/magazine/2017/11/27/the-root-of-all-cruelty

Attitude is everything.

# تۇتامىڭىز نىمىشقا شۇنچە مۇھىم؟

كيس خاررېل

سىز ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى قوزغىتىش ئۈچۈن باسالايدىغان ئەڭ مۇھىم قەدەملەرنىڭ بىرى، تۇتامىڭىزنى (Attitude) ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىڭىزگە، مۇناسىۋىتىڭىزگە ۋە ئەتراپىڭىزدىكى بارلىق كىشىلەرگە بولغان تەسىرىنى نازارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر.

مەن ئادەتتە مۇھاكىمە يىغىنلىرىمنى «سىز بۇ يىغىنغا قانداق تۇتام ئېلىپ كەلدىڭىز؟» دېگەن ئۇللۇق سوئال بىلەن باشلايمەن. كىشىلەر دائىم بۇ سوئالدىن گاڭگىراپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ تۇتامغا بولغان تونۇشى يۇقىرى بولمايدۇ. ئۇلار قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى ياكى پۇتىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما تۇتامىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. بۇ بىر خاتالىق، چۈنكى تۇتام (Attitude) ھەممىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ سىزنىڭ دۇنيانى قانداق تونۇشىڭىزنى ۋە دۇنيانىڭ سىزنى قانداق تونۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

ھەممىمىزنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى بار. بىز ئۆزىمىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە قوزغىتىدىغان ياكى ئۆزىمىز-نى مەغلۇب قىلىدىغان ۋە ئۆزىمىزگە (بىھۇدە) ئىچ ئاغرىتىدىغان ئىچكى دىيالوگدىن بىرنى تاللىيالايمىز. بۇ خىل كۈچ ھەممىمىزدە بار. ھەممىمىز مۈشكۈلاتلارغا، ئازاب – ئوقۇبەتلەرگە، جىسمانىي ۋە ھېسسىي ئازابقا دۇچ كېلىمىز. بۇنىڭدىكى ھالقىلىق نۇقتا – ئىشنىڭ تۈگىنىنىڭ، بېشىڭىزغا قانداق ئىش كەلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتۇر.

سىزنىڭ كاللىڭىز پروگراممىلىغىلى بولىدىغان كومپيۇتېردۇر. سىز ئۇنىڭغا ئۇنۇمدار ياكى ئۇنۇمسىز يۇمشاق دېتال قاچىلاشنى تاللىيالايسىز. سىزنىڭ ئىچكى دىيالوگىڭىز تۇتامىڭىزنى پروگراممىلايدىغان يۇمشاق دېتال بولۇپ، ئۇ ئۆزىڭىزنى ئەتراپىڭىزدىكى دۇنياغا قانداق كۆرسىتىشىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. سىز بۇ پروگراممىلاشنى كونترول قىلالايسىز. ئۇنىڭغا نېمىنى كىرگۈزسىڭىز، ھەممىسى ئۇنىڭدىن چىققان نەرسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ بۇگۈنكى كۈندە ناھايىتى گۆدەك ۋاقتلىرىمىزدا مېڭىمىزگە پروگراممىلانغان ھەرىكەت ئەندىزىسى بار. مېڭىمىز خاتىرىلىۋالغان ئۇچۇرلار پۈتۈنلەي خاتا ياكى ئازابلىق بولۇشى مۇمكىن. ھاياتنىڭ ئاچچىق رېئاللىقى شۇكى، بىز داۋاملىق سەلبىي ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئەمما ئۇنى مېڭىمىزگە پروگراممىلىۋېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

سىز ئاڭلىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك سادا ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى ساداسى، ئۆز تەنقىدىڭىزدۇر. ئۇ سىز رۇخسەت قىلغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، يا سىز ئۈچۈن، ياكى سىزگە قارشى خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئۈمىدۋار بولۇشمۇ، ئۈمىدسىز بولۇشمۇ مۇمكىن. ئۇ ھەم سىزنى چارچىتالايدۇ، ھەم خۇشال قىلالايدۇ. سىز ئەۋەتكۈچىنى ۋە تاپشۇرۇۋالغۇچىنى كونترول قىلىسىز، لېكىن بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى سىز ئاڭلىق ھالدا ئىچكى دىيالوگىڭىزغا مەسئۇل بولۇشىڭىز ۋە كونترول قىلىشىڭىز كېرەك.

ئادەتلەنگەن ناچار تۇتام (attitude) كۆپىنچە ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلەر ۋە ۋەقەلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەبلىرى – ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، بېسىم، قورقۇش، نەپرەت، غەزەپ ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بىر تەرەپ قىلالماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيانلىق تۇتامنىڭ يىلتىزىنى تېپىش ئۈچۈن راۋۇرۇس ئويلىنىش كېرەك، ئەمما ئۆزىمىزنى بۇ ئېغىر يۈك-تاقتىن قۇتۇلدۇرالىساق، بۇنىڭ پايدىسىنى بىر ئۆمۈر كۆرىمىز.

تۆۋەندىكىلەر تۇتامىڭىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن مىنىڭ تۇتام قوراللىرى ساندۇقىمدىن تاللانغان ئون ئىستراتېگىيەدۇر:

## 1. مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى يېتەكلەش

ئۆزىڭىزنى ھەركۈنى بىر قانچە قېتىملاپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىڭىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى ئاكتىپ تەپەككۇر ئارقىلىق قايتا پروگراممىلىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىشەنچكە تولغان سۆز، قايىللىق ۋە ئېتىقادتىن تەركىب تاپىدۇ. سىز يوشۇرۇن ئاڭغا ئاكتىپ جاۋاب قايتۇرىسىز، ئۇ نېمە دېسىڭىز شۇنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئىش مۇۋاپىق قىلىنسا، ئۆز نۆۋىتىدە ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدىغان ئاكتىپ ھېسسىياتنى قوزغايدۇ.

## 2. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىڭىزنى بايقاش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى قوزغىتىش

سىزنى نېمە ھەرىكەتلەندۈرىدىغانلىقىنى، يەنى سىزنى ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان نەرسىنى تېپىڭ. ئۇلۇغ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەر مۇھەببەت، ئۆزىنى قوغداش، ئاچچىقلىنىش، ئىقتىسادىي پايدا ۋە قورقۇنچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزىڭىزنى قوزغىتىش قىزغىنلىق، ئىجابىي دۇنيا قاراش، ئاكتىپ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدار (تېخىمۇ تېز مېڭىش، كۈلۈمسىرەش، تىك ئولتۇرۇش) ۋە ئۆزىڭىزگە ۋە ئاللاھ ئاتا قىلغان يوشۇرۇن كۈچىڭىزگە ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3. كونكرېتلاشتۇرۇشنىڭ قۇدرىتى

ئۇستۇن ئىقتىدار پىسخولوگىيەسى تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، كۆپىنچە قالتىس تەنھەرىكەتچىلەر، تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى، ئىنژېنېرلار ۋە سەنئەتكارلار ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە دىققىتىنى شۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدىكەن. نېلسون ماندېلا 27 يىل تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا كونكرېتلاشتۇرۇشنىڭ ئۇنىڭ بولۇملۇق تۇتامىنى ساقلىشىغا قانداق ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ قەلەم تەۋرەتكەن: «مەن ئۆزۈمنىڭ قاچان ئەركىن يول يۈرەلەيدىغانلىقىمنى توختىماي ئويلىدىم ۋە شۇ كۈن كەلگەندە نېمىلەرنى قىلغۇم بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم» دەيدۇ ئۇ تەرجىمىھالىدا. كونكرېتلاشتۇرۇشنىڭ پوزىتسىيەنى ياخشىلاشقا كۆپ پايدىسى تېگىدۇ.

## 4. ئاكتىپ ئىچكى دىيالوگ ھەققىدىكى پوزىتسىيە سۆھبىتى

پوزىتسىيە سۆھبىتى سىزنىڭ يېڭى يۈنىلىشكە يۈزلىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدىغان ئاڭلىق، ئاكتىپ ئىچكى سادايىڭىز ئارقىلىق ئۆتمۈشتىكى پاسسىپ پروگراممىلىرىڭىزنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغان ياكى ئالماشتۇرىدىغان

ئۇسۇلنى كۆرستىدۇ. سىزنىڭ ئىچكى دىيالوگىڭىز، يەنى سىز كۈنبويى ئاڭلايدىغان ئاشۇ بوشقىنە ئاۋاز، سىزنىڭ مېڭىڭىزنى پروگراممىلايدىغان ۋە ھەرىكىتىڭىزگە تەسىر قىلىدىغان ئۇرۇقتا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزىڭىزگە نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى تېخىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلىڭ.

## 5. سۆزلەرنىڭ كۈچى

سۆزلىرىمىز ئېغىزىمىزدىن چىققان ھامان، ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. «سۆزگە دىققەت قىلىش»نى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئېغىزىمىزدىن چىققان سۆزلەر قەلبىمىزدىكى بىز ئۆزىمىز ھەققىدە ئىشەنگەن بارلىق نەرسىلەرنى مەنبە قىلغان شەيئىلەرنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆز ئەھۋالىمىز ياكى ئەتراپىمىزدىكىلەر ھەققىدە «باھالىغۇچى» ۋە كەمسىتكۈچى ھالەتتە سۆز قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بايقىساق، قەلب ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىملىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. سىز نېمە دېيىشىڭىزنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەتكە بىۋاستە يول ئاچالايسىز.

## 6. ئاكتىپ سالاملىشىشنىڭ كۈچى

كىشىلەر مەندىن ئەھۋال سورىغاندا، مەن «ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن» دەيمەن. كۆپىنچە كىشىلەر ھاياتقا گۈزەل سوۋغا سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىدىغانلار بىلەن بىللە ئىشلەش ۋە ياشاشنى ياقتۇرىدۇ.

## 7. قىزغىنلىق: ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ساقلاشتىكى مۇھىم قورال

قىزغىنلىقنىڭ تۇتامغا بولغان رولى نەپەسنىڭ ھاياتقا بولغان رولىغا ئوخشايدۇ. قىزغىنلىق سىزنى تېخىمۇ ئۇنۇملۈك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ساداقەت، ئىرادە ۋە روھنى ئۆزئارا يەتكۈزىدىغان نەرسە ئاشۇ يالقۇنجاپ تۇرغان قىزغىنلىقتۇر. قىزغىنلىق ئۆزىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇ سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا بولغان ساداقىتىڭىز ۋە ئېتىقادىڭىزدىكى ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق سۆزلەيدىغان ئىچكى روھتۇر. ئۇ سىزدە بار بولغان ئەڭ كۈچلۈك ۋە جەلپ قىلارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى.

## 8. روھىي قۇۋۋىتىڭىزگە باغلىنىڭ

ئىنسان ئېھتىياجىنىڭ ئاخىرقى چېكى مەنىۋىيەتتۇر. جىسمانىي جەھەتتىن ياشاشتىكى ئەقەللىي ئېھتىياجىمىز تۇپەيلى بەدىنىمىزنى ئوزۇقلاندۇرغىنىمىزدەك، بىز روھىي مەۋجۇدات بولغانلىقىمىز ئۈچۈن روھىمىزنىمۇ «ئوزۇقلاندۇرۇشىمىز» كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئېتىقادىدىن كۈچلۈك ۋە ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تاپىدۇ. مەن دەل شۇلاردىن بىرى.


## 9. چېنىقىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىڭىزنى ساقلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ

تېخىمۇ بولۇملۇق ۋە تۇرتكىلىك روھىي ھالەتكە ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرى چېنىقىشتۇر. دائىملىق چېنىقىش ئادىتى ئورۇقلاش، مۇسكۇللارنىڭ يېتىلىشى ۋە ئۆزىڭىز ئۈچۈن بەزى ئىجابىي ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىق تۇيغۇسى ھاسىل قىلىش دېگەندەك شەكىللەردە، بىر قەدەر تېز ئاكتىپ ئىنكاسلارنى بېرەلەيدۇ. يۇقىرىقى تۇتام قوراللىرى ساندۇقىدىكى قوراللارنى ئىشلىتىپ شەخسىي ۋە كەسپىي مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭ. دۇنياغا بولۇملۇق تۇتام بىلەن باققىنىمىزدا، ھاياتنىڭمۇ بىزگە كۈلۈپ باقىدىغانلىقى سىر ئەمەس.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ھېكمەتيار ئىبراھىم

https://www.success.com/why-your-attitude-is-everything/

# ئەھمەد دىدات



جەنۇبىي ئافرىقا تىلغا ئېلىنغان هامان، مۇسۇلمان دۇنياسىدىكىلەرنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېسىگە نېلسون ماندېلا، شۇنداقلا جۇشقۇن، هارماس ئىسلام دەۋەتچىسى ئەهمەد دىدات (**Ahmed Deedat**) كېلىدۇ.

ئەهمەد هۇسەيىن دىدات **1918** – يىلى **7** – ئاينىڭ **1** – كۈنى هىندىستاندا تۇغۇلغان، توققۇز يېشىدا جەنۇبىي ئافرىقىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ يەردە ياشىغان. ئۇ ئىنگلىزتىلىدا يېزىقچىلىق قىلىدىغان مۇسۇلمان يازغۇچى، ناتىق، شۇنداقلا يەهۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلار (تەۋرات ۋە ئىنجىل) هەققىدە مۇتەخەسسىسكە ئايلانغان ۋە دىققىتىنى مۇشۇ دىندىكىلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشكە مەركەزلەشتۈرگەن ئىسلام دەۋەتچىسىدۇر.

ئۇ مەكتەپتە ناهايىتى ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ، **16** ياشقا كىرگەندە، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ئوقۇشتىن توختاپ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان.

**1936** – يىلى، ئۇ ئۆي جاهازىلىرى ساتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە يېقىن جايدا بىر «مىسسىيونېر تەربىيەلەش مەكتىپى» بار ئىدى. ئەهمەد دىدات بۇ مەكتەپنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىندىن چىقىرىپ، خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈزۈش هەلەكچىلىكىدە يۈرىدىغان ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى قارىلايدىغان بىر تۈركۈم مىسسىيونېرلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئاساسسىز ئەيىبلەشلىرى دىداتنى رەنجىتكەن. نەتىجىدە ئۇ شۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ، سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق يولىغا قەدەم قويغان.

ئەهمەد دىدات ئۆزى ئىشلەۋاتقان جاينىڭ يەرئاستى ئۆيىدىن ئوقۇغۇدەك كىتاب ئىزدەۋاتقاندا، هىندىستانلىق رەهمەتۇللاھ كەيراناۋى (رحمت الله الكيراناوي) نىڭ «ئىزهارۇل هەق» دېگەن كىتابى قولىغا چىقىپ قالغان. بۇ كىتابتا هىندىستاندىكى خىرىستىيان مىسسىيونېرلىرىنىڭ شۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيان دىنىغا چاقىرىش ئۇرۇنۇشلىرى تونۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ كىتاب ئەهمەد دىداتتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇ بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىسلامىي هەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، باشقا ساماۋى دىندىكىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن، شۇنداقلا ئىنجىلدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئوقۇغان. بۇ تەرىقىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «مىسسىيونېرلار مەكتىپى»دىكى پراكتىكانت مىسسىيونېرلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئەسلى خىرىستىيان بولۇپ، كېيىن مۇسۇلمان بولغان فەيرفەكس (**Fairfax**) ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىلىم مەجلىسلىرىگە قاتنىشىشقا باشلىغان. فەيرفەكس دەرسكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، (جەنۇبىي ئافرىقىدا خىرىستىيانلارنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا) ئىنجىل هەققىدە ۋە خىرىستىيانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۇسۇللىرى هەققىدە قوشۇمچە دەرس بېرىشكە باشلىغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، فەيرفەكس ئۇ يەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەهمەد دىدات دەرس ئۆتۈشكە باشلىغان ۋە بۇ ئىشنى ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرغان.
ئەهمەد دىدات **1942** – يىلى دۇربان (**Durban**) كىنوخاسىدا «تىنچلىق پەيغەمبىرى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام» دېگەن تۇنجى لېكسىيەسىنى سۆزلىگەن بولۇپ، بۇ لېكسىيەگە ئارانلا **15** ئادەم قاتناشقانىدى.
ئەهمەد دىدات ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋەت ئىشلىرىدا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇربان شەهىرىدىكى جۈمە مەسچىدىنىڭ «هىدايەت سەپىرى» تېمىسىدىكى پائالىيىتىدىن پايدىلانغان. بۇ پائالىيەتتە دۇربان شەهىرىگە ساياهەتكە كەلگەنلەرگە ئىسلام هەققىدە چۈشەنچە بېرىلەتتى، هەقسىز تاماق ۋە سوۋغا تارقىتىلاتتى،

شۇنداقلا بۇ ئاشۇ ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى بولۇپ قالاتتى. ئەھمەت دىداتمۇ بۇ پائالىيەتلەردە ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالاتتى ۋە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ خىرىستىيان دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇشتۇراتتى.

ئەھمەد دىدات **1949** – يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاكىستانغا كۆچۈپ كېلىپ، كاراچى شەھىرىدە ئۈچ يىل تۇرغان. شۇنداقلا كېيىن پاكىستاندىكى بىر تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئۇ **1957** – يىلى يېقىن دوستلىرىدىن غۇلام ھۇسەين ۋانكېر (**Goolam Hoosein Vanker**) ۋە تاھىر رەسۇل (**Taahir Rasool**) بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلامىي بىلىملەر ھەققىدە تۈرلۈك كىتابلارنى نەشر قىلىش، شۇنداقلا ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەنلەرگە دەرس بېرىش مەقسىتىدە، خەلقئارالىق ئىسلامىي تەشۋىقات مەركىزى (**IPCI**) نى قۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى، ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ناتال (**Natal**) ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىرېيمار (**Braemar**) دېگەن جايدىكى ئۆزىگە ئىئانە قىلىنغان **75** گېكتار يەردە «ئەسسالام مائارىپ ئىنستىتۇتى» (**As-Salaam Educational Institute**) دېگەن نامدا بىر دىنىي مەكتەپ قۇرغان بولسىمۇ، ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغ كەمچىل بولغاچقا، بۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ بولمىغان ۋە **1973** - يىلى «جەنۇبىي ئافرىقا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى» تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن، ئەھمەد دىدات يەنە دۇربان شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، خەلقئارالىق ئىسلامىي تەشۋىقات مەركىزى (**IPCI**) نىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان.

مەزكۇر مەركەزنىڭ سابىق دىرېكتورى، شۇنداقلا ئەھمەد دىداتنىڭ يېقىن دوستى فۇئاد ھېندرىكس (**Fuad Hendricks**) ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە شۇنداق دېگەن: «ئۇ ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش كىتابلىرى ئارقىلىق ئىسلام ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئالاقىدار باتىل كۆز قاراشلارنى يوقىتىشقا تىرىشتى. شۇنداقلا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاشلا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق رەۋىشتە ئىسپاتلاپ بەردى.»

**1980** – يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇنىڭ دەۋەت ئىشلىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ سىرتىدىمۇ تونۇلۇشقا باشلىغان. شۇنداقلا، ئۇ **1986** - يىلى ئىسلامغا قىلغان خىزمەتلىرى سەۋەبلىك سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ ئالىي دىنىي مۇكاپاتى بولغان «پادىشاھ فايسال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەندىن كېيىن، خەلقئارادا تونۇلۇشى يەنىمۇ بىر بالداق ئاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن **66** ياشقا كىرىپ قالغان ئەھمەد دىدات ئۆزىنىڭ ئون يىلدەك داۋاملاشقان دۇنيانى ئايلىنىپ نۇتۇق سۆزلەش سەپىرىنى باشلىغان. ئەھمەد دىدات بۇ جەرياندا بارغان دۆلەتلەر تۆۋەندىكىچە:

سەئۇدىي ئەرەبىستان، مىسىر، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئەنگلىيە، شىۋېتسارىيە، شىۋېتسىيە، دانىيە، كانادا، پاكىستان: ئۇ بۇ يەردە پاكىستاننىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلگەن داھىيسى زىيائۇل ھەق بىلەن كۆرۈشكەن.

مالدىۋى: بۇ يەردىمۇ ئۇنى مالدىۋى پرېزىدېنتى ماۋمۇن ئابدۇل گايۇم (**Maumoon Abdul Gayoom**) كۈتۈۋالغان.

ئامېرىكا: ئۇ بۇ يەردە خىرىستىيان پوپلىرىدىن سۋاگگارت (**Swaggart**) ۋە روبېرت دوگلاس (**Robert Douglas**) بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، شۇنداقلا ئارىزونا شىتاتىدا ئىككى قېتىم ۋە باشقا جايلاردىمۇ بىر قاتار لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەن.

ئاۋستىرالىيە: بۇ ئۇنىڭ **1996** – يىلى پالەچ بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سەپىرى ئىدى.

ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەتلەردىكى ھەر خىل مەجلىسلەردە خىرىستىيان دىنىغا سوئال قويغان ۋە نۇرغۇنلىغان داڭلىق خىرىستىيان دىنىي زاتلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. مەسىلەن، ئۇ **1981** – يىلى دۇربان شەھىرىدە داڭلىق ئېپىسكوپ جوش ماكدوۋېل **(Josh McDowell)** بىلەن «ئىيسا ئەلەيھىسسالام كرېستقا مىخلانغانمۇ؟» دېگەن تېمىدا بىر مەيدان مەشھۇر مۇنازىرە ئۆتكۈزگەن. ئۇ يەنە ۋاتىكاندىكى خىرىستىيان پاپاسى جون پاۋل **(John Paul II)** نى مۇنازىرىگە ۋە ئىسلام دىنىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلغان.

ئۇ **1996** - يىلى **5** – ئاينىڭ **3** – كۈنى، سەكتە بولۇپ قالغانلىقتىن، مېڭە قان تومۇرلىرى ۋە مېڭە غولى زەخمىگە ئۇچراپ، بەدىنى پالەچلىنىپ، سۆزلىيەلمەس ۋە بىر نەرسە يۇتالماس بولۇپ قالغان ۋە داۋالاش ئۈچۈن سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىيادتىكى «پادىشاھ فايسال مەخسۇس كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى»غا ئاپىرىلغان.

گەرچە ئۇ ئاشۇ ھالەتتىن ساقىيىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ،لېكىن شۇنچە قىيىن ھالەتتىمۇ ئېلىپبە ئارقىلىق مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ، يەنە ئون يىل ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئەتراپىدىكىلەرنى ئىسلامىي دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندىگەن ۋە **2005** - يىلى **8** – ئاينىڭ **8** – كۈنى **87** يېشىدا ۋاپات بولغان.
كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا، ئىسلامغا ئىشتىياق باغلاپ، پۈتكۈل ھاياتىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاتىغان شەيخ ئەھمەد دىدات زامانىمىزدىكى داڭلىق دەۋەتچىسى، ئۇيغۇر پاجىئەسىنى مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئاڭلىتىشتا ئىنتايىن لىللا مەيداندا تۇرۇپ گەپ قىلغان دوكتور زاكىر نايكىنىڭ ئۇستازىدۇر.

ئەھمەد دىدات سەئۇدىي ئەرەبىستان باشچىلىقىدىكى پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان:

«ئىنجىل ئاللاھنىڭ سۆزىمۇ؟» **(Is the Bible God's Word)**
«ئىنجىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟» **(What The Bible Says About Muhammad)**
«كرېستقا مىخلاشمۇ ياكى كرېست ئويدۇرمىسىمۇ؟» **(Crucifixion or Cruci-Fiction)**
«ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئىي ۋارىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام» **(Muhammad: The Natural Successor to Christ)**
«ئىسلام دىنىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالام» **(Christ in Islam)**
«قۇرئان مۆجىزىلەرنىڭ مۆجىزىسىدۇر» **(Al-Qur'an the Miracle of Miracles)**

ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەييارلىدى


پايدىلىنىلغان بەزى مەنبەلەر:
**https://www.aljazeera.com/indepth/features/2015/08/remembering-life-sheikh-ahmed-deedat-150803064519593.html**
**https://www.aljazeera.com/archive/2005/08/200841011203390506.html**
**https://en.wikipedia.org/wiki/Ahmed_Deedat#cite_note-25**



# بولۇملۇق تۇتامنىڭ كۈچى

فرەنك ساتتىنبېرگ

سىز ئۆزىڭىزنى بولۇملۇق ئادەم دەپ ئويلامسىز؟ ئىجابىي روھىي ھالەت سالامەتلىكىڭىزنىڭ، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئۇتتۇق قازىنىش پۇرسىتىڭىزنى ئاشۇرىدۇ...

ئەمەلىيەت شۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر ھەر كۈنى پاسسىپلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاسسىپ كىشىلەر دەپ ۋايساش ئاسان. ئەمما، كىشىلەر ئۆزى خىزمەت قىلىدىغان شىركەت ۋە شەخسىي تۇرمۇش قارىشىنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇن پاسسىپلىقنى ئۆزى پەيدا قىلىۋالىدۇ. ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئويلىنىپ بېقىڭ...

كۈندە پۇل ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىدىغان، مەغلۇب بولۇشتىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان، باشقىلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ئاغرىنىدىغان، توختىماي خاتالىقلارنى تەنقىدلەيدىغان، باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىغا ئىشەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان، باشقىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھەسەت قىلىدىغان ۋە ئۆششاق - چۈششەك يوقىلاڭ ئىشلار ھەققىدە پىتنە – ئىغۋا، غەيۋەت – شىكايەت قىلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرىدىغانلارنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىڭىزنى ئويلاڭ (بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشىغان كىشىنىڭ كەچ بولغاندا چارچاپ ھالىدىن كەتمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟)

بىز ھەركۈنى دۇچ كېلىدىغان پاسسىپلىقلارنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆزىتىپ باقايلى:

### تالاش – تارتىش

نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار ئالاقىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئوچۇق – يورۇقلۇقنىڭ كەمچىللىكى ياكى ئۆزىنىڭكىگە قارشى قىممەت قاراشلىرى ۋە پرىنسىپلارنى قارىقويۇق چەتكە قېقىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كىشىلەر يەنە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىش ياكى قاقشىۋېلىش ئۈچۈنلا تالاش - تارتىش قىلىدۇ.

### ئەندىشە

باشقىلار كونتروللۇقىنى يوقىتىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇلار ئېنىقسىزلىقتا تولغان بۇ دۇنيادا ئېنىقلىققا تەلپۈنىدۇ. گەرچە ئۇلار بىرىنچى بولۇپ سىزگە بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرالمىغانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ ساراڭ بولۇپ قالاي دېگەنلىكىنى ئېيتىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەنسىرەشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلايدۇ.

### قورقۇنچ

بەزى كىشىلەر ئېنىقسىزلىقتىن قورقىدۇ. بۇلغىنىش مۇھىتقا زىيان يەتكۈزگەنگە ئوخشاش، قورقۇنچ شەخسلەر ۋە شىركەتلەر ئۈچۈن گويا زەھەردۇر. قورقۇنچ كىشىلەرنى چېكىنىشكە، بارچە ئۈچۈرلىرىنى پىنھان تۇتۇشقا، خاتالىقنى يوشۇرۇشقا ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ھەقىقىي ياكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان بىر نەرسە كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ «قورقۇش» ھېسسىياتىنىڭ راست ئىكەنلىكى ئېنىق.

### ئەيىبلەش

كىشىلەرنى خىزمەتداشلىرى ئالدىدا تەنقىدلەش ۋە ھاقارەتلەش، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا جەڭ ئېلان قىلىش، ئۇلاردىن بىر ئىشنى مۇمكىن بولمايدىغان قىسقا مۇددەتتە تاماملاشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇلارنى زۇرۇر ئۇچۇرلاردىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىقلار پاسسىپلىقنى پەيدا قىلىدىغان «تاكتىكا»لاردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرەر ئىشتىن چاتاق چىققاندا، كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارنى ئەيىبلەيدۇ. نەتىجىدە ھەممە ئادەم ئۆزىدىن ھەزەر قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

### ئاغرىنىش

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ئاغرىنىشىدىكى سەۋەب ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ياكى ئەھۋالىدىن نارازى ئىكەنلىكىدىن ئەمەس. ئەمەلىيەت شۇكى، ئاغرىنىشقا كۆنۈپ قالغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاغرىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلمايدۇ. تىنماي ئاغرىنغۇچىلار زېرىككەنلىكتىن ياكى سورۇندىكى جىمجىتلىق سەۋەبلىك شەكىللەنگەن بۇرۇقتۇرمىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈنلا ئاغرىنىدۇ. ياكى بەزىدە كىشىلەر پەقەت قاقشىۋالسا ئۆزىنى سەل راھەتلەپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئاغرىنىدۇ.

### تەنقىد

ئىجابىي تەكلىپ بىلەن زەھەرخەندە تەنقىدنىڭ پەرقى بار. ئىجابىي تەكلىپ - پىكىرلەر ياخشى نىيەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، تىنىمسىز زەھەرخەندە تەنقىدلەر باشقىلاردا بېسىم، تەشۋىش شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

### گۇمانخورلۇق

گۇمانخورلۇقنىڭ نەتىجىسىدە قانچىلىك ۋاقىت ئىسراپ بولدى، قانچىلىك دۈشمەنلىك - ئاداۋەتلەر پەيدا بولدى؟ كىشىلەر شۇنچە كۆپ ۋاقىتنى ئاساسسىز پەرەزلەرگە، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىشكە، تەكرار – تەكرار تەكشۈرۈشكە ئاجرىتىشىدۇ.

### ھەسەت

ھەسەتنىڭ چېكى نەدە؟ بىز نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن رازى بولمايدىغان جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. ئەگەر قوشنىمىز يېڭى ئۆيۈنچۈق سېتىۋالسا، خىزمەتدىشىمىز ئۆستۈرۈلسە، ياكى تېلېۋىزىيە چولپانلىرى يېڭى لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشكۈمىز كېلىدۇ. ئەمما، مەسىلە شۇكى، ھاياجان تۈگىگەندىن كېيىن، قانائەتسىزلىكىمىز يەنە باشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قۇربىتىمىز يېتىدىغان - يەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنتىلىشكە ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئېھتىياجىمىز بار - يوقلۇقىنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايمىز.

### غەيۋەت (بىزنىڭ مىللىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىمىز)

كىشىلەر بىر توپقا سىڭىشىش، سۈھبەتتىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى تۈگىتىش، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، بىراۋدىن ئۆچ ئېلىش، باشقىلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈش ياكى نوقۇل ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن غەيۋەت قىلىشىدۇ. غەيۋەت ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىدىغان كېسەللىك، شۇنداقلا دىققىتىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىغا مەركەزلەشتۈرۈشىمىزنى توسىدىغان مەرەزلەردىن بىرىدۇر.

بولۇملۇق تۇتام(**Positive Attitude**) بىلەن تېخىمۇ ياخشى مۇناسىۋەت، تېخىمۇ ساغلام بەدەن ۋە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت ئارىسىدا بىۋاستە باغلىنىش بار.

بولۇملۇق تۇتام قۇۋۋىتىڭىزنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى ماغدۇرىڭىزنى كۈچەيتىدۇ، باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە قىيىن خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش جاسارىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مايو (**Mayo**) ئامبولاتورىيەسىنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە، ئىجابىي تەپەككۇر چۈشكۈنلۈكنى ئازايتىپ، ئازاب - ئوقۇبەتنى تۆۋەنلىتىدىكەن، تارقىلىشچان زۇكامغا قارشى ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى پىسخىكا ۋە جىسمانىي ساغلاملىققا تۆرتكە بولىدىكەن، يۈرەك - قان تومۇر كېسەللىكلىرى بىلەن ئۆلۈش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدىكەن، شۇنداقلا كىشىنى قىيىنچىلىق ۋە بېسىمغا تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىدىكەن.

بولۇملۇق تۇتامغا ئىگە بولۇشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇللىرى بار:

### بولۇملۇق كىشلەر بىلەن ئارىلىشىڭ

بولۇملۇق، سىزنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە سىزگە ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرۈڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەگەر سىز قازان سۈركىشىپ يۈرسىڭىز ئۇنىڭقارىسى چوقۇم سىزگە يۇقىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بولۇملۇق ئادەم بىلەن ئارىلىشىڭ.

### ئۆزىڭىزگە قارىتا ئىجابىي بولۇڭ

ئەگەر سىز پاسسىپ كىشىلەرنىڭ قورشاۋىدا قېلىشنى خالىمىسىڭىز، باشقىلار خالامدۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. مەسىلەن:

نىشانىڭىز كونكرېتلاشقاندا، سىز شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كېرەكلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشىڭىز مۇمكىن. مۇسابىقىدە ئۇتقىنىڭىزنى، ئۆستۈرۈلگەنلىكىڭىزنى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىڭىزنى ياكى تىجارەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

### پاسسىپ خىياللىرىڭىزنى تىزگىنلەڭ

بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللاردا رويابقا چىقىرىش مۇمكىن:

يېرىم ئىستاكان سۇنى كۆرگىنىڭىزدە، «ئىستاكاننىڭ يېرىمى قۇرۇقكەنغۇ» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ھېلىمۇ يا خشى يېرىمىدا سۇ باركەن» دېيىشكە ئادەتلىنىڭ.

### ئەڭ ياخشى نەتىجىنى كۈتۈڭ

ئوتتۇراھال بولۇڭ، ھەرقانداق نەرسىگە ئاشقۇن مۇئامىلە قىلماڭ، يەنى چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە ئۈمىدۋار ياكى ئۈمىدسىز بولۇپ كەتمەڭ.

خاتالىق ھامىنى يۈز بېرىدۇ. پاسسىپلار خاتالىقنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەن بولۇش – بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر سەلبىي ئاقىۋەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. سىز بۇنداقلاردىن بولۇپ قالماڭ.

### ئاڭلىق ھالدا سەلبىي تەپەككۇرغا قارشى تۇرۇڭ

سەلبىي تەپەككۇرغا قارشى ھەرۋاقىت سەگەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭ. بۇ سىزنىڭ ئىپادىڭىزنى ياخشىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

### ئۆزىڭىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ

تولىمۇ ئەپسۇس، بەزى كىشىلەر ئۆزىگە ئەڭ ناچار سۆزلەرنى ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۆزىڭىزنى (ئاساسسىز ھالدا، چېكىدىن ئاشۇرۇپ) تەنقىدلەۋەرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ شۇنداقلىقىغا ئىشىنىشكە باشلايسىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل سەلبىيلىك سىزنى ھالسىرىتىۋېتىدۇ. سىز ئۈچۈن «تەنقىدچى»نى ئىشتىن بوشىتىپ، «مەدەتكار»نى تەكلىپ قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

### رېئال، يەتكىلى بولىدىغان نىشان بەلگىلەڭ

ئەگەر نىشانىڭىزغا يېتەلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كەلگۈسىدە ئۆزىڭىزنى كاچاتلاپ يۈرمەيدىغان بولسىڭىزلا، يۇقىرى نىشان بەلگىلىۋېلىشىڭىزنىڭمۇ خاتاسى يوق. مۇھىمى، بەش بارماقنى بىراقلا ئېغىزغا تىقمەن دېگەننىڭ ئورنىغا، رېئال نىشان بەلگىلەپ، ئۇلارنى بىر – بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىشەنچ تۇرغۇزۇشتۇر.

### سوغۇققانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىڭ

هايات دېمەك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ۋە تىرىشچانلىقىڭىزنى شۇلارغا مەركەزلەشتۈرۈش دېمەكتۇر. شۇ ۋەجىدىن، ھەر كۈنى خاتالىق كۆرۈلۈپ قالىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار سىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتمەسلىكى كېرەك. كىچىك (يەنى ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق) مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. چوڭ – چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

**خىرسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇڭ**

خىرس ئالدىدا توۇگىشىپ كەتمەي، ئۇلارنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇڭ. (تامغا ئۇسكەنىنىڭ ئورنىغا، يا ئۈنىڭغا يامىشىڭ، يا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىڭ).

**ئۆزىڭىزگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنى ساناڭ**

ھاياتىڭىزدىكى مۇئەييەن ئىشلار ئۈچۈن مىننەتدار بولۇڭ ۋە شۈكۈر قىلىڭ. بەزى كىشىلەر بۈنى تاماق ئۈستىلىدە شۈكۈر قىلىش، كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ياكى ھەر كۈنى فېيسبۇكقا بىر ئالاھىدە يازما يوللاش ئارقىلىق قىلىدۇ. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھاياتتىكى ئەڭ كاتتا بايلىقلار ماددىي بولمايدۇ. ھەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۈزەل ئەسلىمە قالدۇرۇشقا تىرىشىڭ.

ئەگەر سىز خۇشاللىقا، تېخىمۇ ساغلام بەدەنگە، تېخىمۇ كۈچلۈك مۇناسىۋەتكە ۋە سجىل مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى ئويلىسىڭىز، ئەينەككە قارىسىڭىزلا كۇپايە. «ئەڭ بەختلىك كىشىلەرنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئېرىشكەن كىشىلەر بولۇشى ناتايىن، ئۇلار پەقەت ئۆزىدە بار بولغان نەرسىلەردىن ئەڭ ياخشى پايدىلانغان كىشىلەردۇر». ئىستاكاننىڭ يېرىمىدا سۇ بارلىقىنى كۆردىڭىزمۇ ياكى ئۇنىڭ يېرىمى قۇرۇق ئىكەنلىكىنىمۇ؟ ھەقىقىي خۇشاللىق سىزنىڭ دۇنياغا قانداق قارايدىغانلىقىڭىزغا ۋە كىمدىن ئىلھام ئىزدەۋاتقانلىقىڭىزغا باغلىق بولۇشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**https://www.franksonnenbergonline.com/blog/the-power-of-a-positive-attitude/**

# گوللاندىيە ئۇيغۇرلىرى



گوللاندىيە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، دۆلەت تېررىتورىيەسى تەخمىنەن 41 مىڭ 865 كىۋادىرات كىلومېتىر، نوپۇسى 17 يېرىم مىلىيون ئەتراپىدا ھېسابلىنىدۇ. گوللاندىيەنىڭ كىلىماتى نەم، يىللىق يامغۇرلۇق كۈن 170 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، سىم-سىم يامغۇر كۆپ، قار ئاز ياغىدۇ. يازدا كۈندۈز ۋاقتى 18 سائەتكە قەدەر، قىشتا 8 سائەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئەتىيازدا سالقىن، يازدا نەم ئىسسىق، قىشتا شۇرغانلىق سوغۇق بولىدۇ.

گوللاندىيەنىڭ يەنە بىر ئىسمى نىدېرلاند بولۇپ، «تۆۋەن يەر» دېگەن مەنىدە، چۈنكى گوللاندىيەنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى تۈزلەڭلىك، دېڭىز يۈزىدىن ئانچە ئېگىز ئەمەس ياكى تۆۋەن، ئەڭ ئېگىز جايلىرىمۇ 320 مېتىردىن ئاشمايدۇ. ئۇندىن باشقا، بۈگۈنكى گوللاندىيە زېمىنىنىڭ %17 قىسمى 16- ئەسىردىن بىرى تىرىشچان گوللاندىيەلىكلەر سازلىق، كۆل ۋە دېڭىز بويلىرىنى تىندۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. شۇڭا گوللاندىيەلىكلەر سۇ ئىنشائاتى، توسما قۇرۇلۇشى تېخنىكىلىرىدا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. گوللاندىيە يەنە غەربىي ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، يېزا ئىگىلىك، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەرەپلەردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتلەردىن بىرى.

تۈنجى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار گوللاندىيەگە 1995- يىللىرى كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە 2001- يىلى، 2009- يىلى، 2017- يىللىرى كۆپلەپ كەلگەن. ھازىرغا قەدەر گوللاندىيەدە 3000~2500 گە قەدەر ئۇيغۇرلار بارلىقى

تەخمىن قىلىنىدۇ، بۇ سان ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن كۆپ ھېسابلىنىدۇ. گوللاندىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاقتۇرما بىلەت ئارقىلىق سىياسىي پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئوقۇش ۋىزىسى بىلەن كەلگەنلەر ئاز. تىزىمغا ئالدۇرۇلغان تەشكىلاتلاردىن ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيتى، شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر بىرلىكى، ياشا ئۇيغۇر تەشكىلاتى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات مەركىزى، ئۇيغۇر رادىئو-تېلېۋىزىيەسى ۋە گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فوندى قاتارلىقلار بار (مەنبە: kvk.nl). گوللاندىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىۋى 2019-يىلى بىلەن گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار مۇنبىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن كۈچلۈك ئالاقىنى ساقلاپ، ۋەتىنىمىزدىكى خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئاڭلىتىش، گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا كۈچ قوشۇپ كەلمەكتە.

مەزكۇر تەشكىلاتلار ئىچىدە 2009- يىلى 9- ئايدا قۇرۇلغان ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيتى 2019- يىلى 6- ئايدا گوللاندىيەدىنىڭ زەيىست شەھرى مەركىزىدىن 650 كىۋادىرات مېتىرلىق، قوش قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى سېتىۋالغان بولۇپ، نۆۋەتتە زىننەتلەش باسقۇچىدا تۇرماقتا. مائارىپ جەمئىيتى ھەر يىلى ئۆسمۈر باللار ئۈچۈن ئانا تىل كۇرسلىرى تەشكىللەپ، باللارغا ئانا تىل، ۋەتەن، تارىخ، مەدەنىيەت، ئېتىقاد مىراسلىرىمىزنى يەتكۈزۈشكە ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە. مائارىپ جەمئىيتى ئۇيۇشتۇرغان ياكى ساھىپخانلىق قىلغان تۈرلۈك لىكسىيە، يىمەك-ئىچمەك يەرمەنكىسى ۋە رامىزانلىق پائالىيەتلەر گوللاندىيە جامائەتنى جەملەش، پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ئىجابىي رول ئويناپ كەلمەكتە. مائارىپ جەمئىيتىدە بىر يىل داۋاملاشقان ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتىر دەرسى كەلگۈسدە كۆپلىگەن پىروگراممىرلارنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. مائارىپ جەمئىيتىدىن باشقا تەشكىلات ۋە ئۇيغۇر جامائەتلىرىمۇ بىر نەچچە شەھەر-ۋىلايەتلەردە شەنبە كۈنلۈك ئانا تىل كۇرسلىرى ئارقىلىق ياش غۇنچىلارنى تىل ۋە مەدەنىيەت بۇلاقلىرىمىز بىلەن سۇغارماقتا.

ئىلشات ئىسلام ۋە ئابدۇسالام غىنىلار يىتەكچىلىكىدىكى «ياشا ئۇيغۇر تەشكىلاتى» باللار ئۈچۈن تەشكىللەپ كېلىۋاتقان « ئەھمىيەتلىك بىر كۈن» پائالىيىتى يىلدا ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر باللار ۋە ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ بىرلىكتە ئويناپ، دوستلۇشۇپ كۆڭۈللىرى يايرايدىغان، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلۇققا يۈرەكلىرى قانمايدىغان بايرام كۈنى بولۇپ كەلمەكتە. توققۇز دۆلەتتىكى پۇتبولچىلاردىن تەشكىللەنگەن تۇنجى «شەرقىي تۈركىستان دۆلەتلىك پۇتبول كوماندىسى»نىڭ باش شتابى « شەرقىي تۈركىستان پۇتبول جەمئىيتى» ھەم مۇشۇ ياشلاردىن ئىلشات ئىسلام قاتارلىقلار تەرىپىدىن گوللاندىيەدە تىزىمغا ئالدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇيغۇرلار گوللاندىيەدە ئاساسلىق ئىگىلىك تىكلىگەن كەسىپلەردىن ئاشخانا- رىستۇران، تىرانسپورت، تاكسىچىلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇر دوختۇرلار ئاچقان داۋالاش مەركىزىدىن سىخىدامدا بىرى، ئۇترىختتا بىرى بار. ئۇيغۇرلار قۇرغان مىللىيچە ئاشخانا - رىستۇرانلاردىن بولسا نۆۋەتتە ئۇرۇمچى رىستۇرانى(روتتىردام)، كانۋاي رىستۇرانى ۋە تارىم رىستۇرانى(دەنھاخ)، دولان رىستۇرانى ۋە يىپەك يولى رىستۇرانى (ئامىستىردام) قاتارلىقلار بار. گوللاندىيەدىكى تۇنجى ئۇيغۇر رىستۇرانى «ئۇرۇمچى رىستۇرانى» بولۇپ، زەيندىن تۇرسۇن ئەپەندى 2015- يىلى روتتىردام شەھرىدە ئاچقان، ھازىرغىچە تىجارىتى ياخشى. مىللىي تائاملاردىن سىرت، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى مۇستەقىل ئاچقان ياپونچە سۇشىخانىلاردىن ھازىرچە توققۇزى بولۇشى مۇمكىن. ئالكمار شەھرىدىكى «موتتو سۇشى» داڭقى ۋە چوڭلۇقى بىلەن بۇ قاتاردا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالكماردا ئولتۇرۇشلۇق ئەھەتجان 2019-يىلى 9- ئايدىن باشلاپ «موتتو سۇشى رىستۇرانى»نى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىلكىدە نۆۋەتتە 30 غا يېقىن ئادەم ئىشلەيدىغان بولۇپ، ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر سۇشى ئۇستاملىرى بىلەن زەنجىرسىمان دۇكان قۇرۇش پىلانى بار. ئۇيغۇر تىرانسپورت شىركەتلىرىدىن 2013- يىلى ئىلشات ئىسلام قۇرغان «ئۇيغۇر تىرانسپورت»، ئابدۇشكۇر قۇرغان «كارۋان تىرانسپورت»

قاتارلىقلار بار. تاكسىچىلىقتا يەككە شەخسلەردىن باشقا، ئۇيغۇر تاكسى» نامىدا بىر شىركەت تىزىمغا ئالدۇرۇلغان. بۇ جەرياندا ئىش باشلاپ توختاپ قالغان باشقا يەككە ئىگىلىكلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، نۆۋەتتە مەۋجۇتلىرى ئاساسلىق بايان قىلىندى.

گوللاندىيە ئۇيغۇرلىرى يەنە دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغىمۇ كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشماقتا. بۇلاردىن ئابدۇسالام نىياز باشچىلىقىدىكى «ئۇيغۇر رادىئو-تېلېۋىزىيەسى» ئىلگىرىكى ئىدا رادىئوسىدىن تەرەققىي قىلىپ، ھەر خىل ئىسىل پىروگراممىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئوزۇق بېرىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر رادىئو- تېلېۋىزىيەسى **2019**- يىلى **3**- ئايدا ئورۇنلاشتۇرغان نورۇز بايرىمىلىق ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنىڭ قاتنىشىشى، ئالاھىدە تەسىرلىك سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن زور ئۇتۇققا ئېرىشتى. ھۆسەيىن تەجەللىي رىياسەتچىلىكىدىكى « قېرىنداشلىق ستودىيەسى»، ئەخمەتجان كاشغەرى رىياسەتچىلىكىدىكى « پىدائىيلار ئېكرانى» دىئاسپورادىكى خەلقىمىزگە ھەپتىلىك جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاكادېمىكلار، تەتقىقاتچىلار، ئاكتىۋىستلەر، تەشكىلات ۋەكىللىرى، چەتئەللىك دوستلارنى ئېكران سەھنىسىگە تەكلىپ قىلىپ، نەقمەيدان سۆھبىتى ئارقىلىق كۆرەش يولىمىزدىكى ھەر ساھە ئاۋانگارتلىرىنى خەلقىمىز بىلەن يۈزلەشتۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلمەكتە.

بۇلاردىن باشقا، گوللاندىيەدىكى ئابدۇغىنى سابىت ئەپەندى بىلەن ئاۋىستىرالىيەدىن ئارسلان ھىدايەت رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان « شەرقىي تۈركىستانغا سۆزلەڭ» تور قانىلى ئىنگىلىزچە تاراتقۇلاردا نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئىزچىل كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتقان تەشۋىقات سۇپىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن بىرى گوللاندىيە ئېچى- سىرتىدىكى چەتئەللىك دوستلارنى مەخسۇس سەھىپىسىدە زىيارەت قىلىپ، چەتئەللىك دوستلارغا ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىشتا ئۆزگىچە يول تۇتۇپ كەلمەكتە.

ئامىستىردام مەيدانىدا **2018**- يىلى **6**- ئايدىن بېرى يالغۇز كىشىلىك نامايىشنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ئابدۇرېھىم غىنى گوللاندىيە خەلقى ۋە چەتئەللىكلەرگە دەۋايىمىزنى ئاڭلىتىشتا يەنە بىر نامايەندە شەخس. ئابدۇرېھىم غىنى ئۆزۈن مۇددەتلىك يالغۇز كىشىلىك نامايىشنى باشلىغاندىن بېرى ئىجابىي تەسىر قوزغاپ، باشقا دۆلەتلەردىمۇ نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر ۋە چەتئەللىك دوستلارنىڭ يالغۇز كىشىلىك نامايىشنى باشلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ياخشى ئۈلگە تىكلىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدىن **50** كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئامىستىردام دام مەيدانىدا نامايىش قىلىشنى قىشمۇ-ياز دېمەي ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۆزى يالغۇز بىر نەچچە چوڭ تىپتىكى پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت، پۇرسەت بولسىلا ھەرقايسى چوڭ- كىچىك پائالىيەتلەردە تەشۋىقات رەسىملىرى بىلەن قاتنىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى ھارماي-تالماي ئاڭلاتماقتا.

گوللاندىيەدە تۇرۇشلۇق ئاسىيە ئابدۇلئەھەد خانىم بولسا **2019**- يىلى **11**- ئايدا ئاشكارىلانغان **24** بەتلىك خىتاي مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ھاياتىغا تەھدىت كەلگىنىگە قارىماستىن ئاشكارىلىغان ئايال بولۇپ، مەزكۇر مەخپىي ھۆججەتلەر ۋەتىنىمىزدە سىلىنغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ قانداق مەخپىي ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ پولات ئىسپاتى، خىتاينىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلاشتا ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان. ۋىدېيوگىرافىكچى تاھىرجان ئەنۋەر ئەر-ئايال «ئۇيغۇر ئاۋازى **Uyghur voice**» تور قانىلىدا ئۆزلىرى سىنىغا ئالغان، ئىشلىگەن ۋىدېيولارنى تارقىتىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ كۆرەش يولىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلىرىنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە. ئۇلار ئىككى يىلدىن بۇيان ئىشلىگەن ۋىدېيولىرىلا **185** پارچە بولۇپ، ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر سىن خاتىرەسى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابلىرى

**توغرىسىدا تەييارلانغان نادىر ماقالىلەرنى  ئاۋازلىق ئوقۇپ، ۋىدىيو كىرىشتۈرۈپ، تارىخىمىزنى جانلىق شەكىلدە يورۇتۇپ بەرمەكتە. تاھىرجان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە 2020- يىلى فىۋرالدا ئاشكارىلانغان «قاراقاش ھۆججەتلىرى»نى تەمىنلىگۈچى بولۇپ، «قاراقاش ھۆججەتلىرى» قاراقاش ناھىيەسى بوستان يېزىسىدىكى ئاھالىلەردىن قامالغان ۋە كېسىلگەن كىشىلەرنىڭ ئىسمى،  ۋاقتى، كېسىلىشتىكى تۇترۇقسىز سەۋەبلەرگە ئائىت مۇھىم مەلۇماتلار  ئورۇن ئالغان. بۇ ھۆججەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە يۈرگۈزگەن كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىشتە زور رول ئوينىغان.**

**گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار دۆلەت كىچىك، ئارىلىق يىقىن، ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز-ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئاكتىپ ئاڭلىتىش، دەۋادا يېڭىلىق يارىتىش، مىللىي كىملىكىنى ساقلاش، ئىگىلىك يارىتىش جەھەتلەردە ئىجابىي تەسىر قوزغاپ كەلمەكتە. يازاي دىسە تىللاردا داستان بولغدەك ھىكايىلەر  نۇرغۇن، قەلەمگە ئالغىنىمىز پەقەت ئۇلاردىن ئۆزگىچە ئۇلگە بولغانلىرى.**

گوللاندىيەدىن ئەردەم تەييارلىغان

## ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

**(2020-يىلى 5– ئاينىڭ 22 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 6– ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)**

**22– ماي:**

«ياخۇ خەۋەرلىرى» توربىدا «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دۈشمەنلىك سىياسىتى خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى تاكتىكىسىدۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»دا «قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى دەرۋازىسىدىكى لەۋھەنىڭ غايىب بولۇشى - ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تولۇق چەكلەنگەنلىكىدىن بېشارەت بەرمەكتە» ماۋزلۇق خەۋەر بېرىلدى.

**23– ماي:**

«جەنۇبىي ختاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى» توربىدا «ئامېرىكا 33 خىتاي شىركىتىگە ۋە ئاپپاراتىغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەھۋالنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى» ماۋزلۇق خەۋەر بېرىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خەۋەردە تىلغا ئېلىنغان خىتاي شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان زۇلۇم ۋە ھەربىي شىكايەت سەۋەبلىك قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن.

**24 – ماي:**

ئەنگلىيە «قوغدىغۇچى گېزىتى»نىڭ تور بېتىدە «ۋەتىنىمنى سېغىندىم: تۈركىيەدە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار روزا ھېيتنى تەبرىكلەشتى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى ۋە بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

«ئامېرىكا ئاۋازى» توربىدا «ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلار <خىتاي تۇتقۇندىكى ئائىلە ئەزالىرىمىزنى مەجبۇري سۆزلىتىۋاتىدۇ> دېدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئىز – دېرىكى قىلىنىۋاتقان ۋە لاگېر ياكى تۈرمىلەرگە سولانغان ئۇيغۇرلارنى، يالغاندىن ئەركىن ياشاۋاتقاندەك كۆرسىتىپ، مەجبۇري زىيارەتلەرنى قوبۇل قىلغۇزۇپ، چەتئەلدىكى ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنى «قالايمىقان» ئىش قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغۇزغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

**25 – ماي:**

«**mercatornet**» توربىدا «ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىدە مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش قەدىمى تېزلىتىلمەكتە» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ، ئۆزلىرى خالىمىغان ھالدا پويىز ئارقىلىق خىتاينىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا يۆتكىلىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىندى.

**27 – ماي:**

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ توربىدا «ئاۋام پالاتاسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياستى سەۋەبلىك، خىتايغا ئىمبارگو يۈرگۈزىدىغان قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ئۆزىنىڭ تور بېتىدە «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نىڭ ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللانغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«زىمىستان» توربىدا «ئىچكىرىدىكى <شىنجاڭ> تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى: خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇرلارنى قانداق ئاسىمىلاتسىيە قىلماقچى بولدى ۋە ئاخىرىدا قانداق مەغلۇب بولدى؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، **2000** – يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ۋە كېيىنچە ھەر يىلى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانى بارغانسېرى كۆپەيتىلگەن، ئاتالمىش «ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى»نىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە سادىق، خىتايلاشقان ئۇيغۇرلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئەمما بۇ پىلاننىڭ ئاخىرىدا خىتاي ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بەرمىگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

**28 – ماي:**

«رېيتىر ئاگېنتلىقى»نىڭ توربىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق – ھوقۇقى جەھەتتە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىدىغان قانۇن لايىھەسى ترامپنىڭ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمىدە «چاچ مەھسۇلاتلىرى شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى» ماۋزلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى ۋە بۇ ساھەدە شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقان شىركەتلەرنىڭ ئىلگىرى ئاشكارىلانغان «خاۋلىن» شىركىتىدىن باشقا، يەنە بىر قانچىلىغان شىركەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

**30 – ماي:**

«**newsintervention**» توربىدا «كىم ئىسلامنى سىياسىيلاشتۇرۇۋاتىدۇ؟» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي – مىللىي قىرغىنچىلىقىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش «دىنىي ئەسەبىيلىكى»نى باھانە قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ساختىپەزلىكىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىندى ۋە بۇ گەپنىڭ قەتئىي ئاساسسىز ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**31 – ماي:**

«**brinkwire**» توربىدا «خىتاي ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى چىقتى» ماۋزلۇق خەۋەر بېرىلدى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى «خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى» دەپ جۆيلۈشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى تىلغا ئېلىندى.

**2 – ئىيۇن:**

«يېڭى ئەرەب»توربىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدىكى زۇلۇمنى توختىتىش ئۈچۈن، خىتايغا قاراتمىلىق زەربە بېرىش كېرەك» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالە يىغىۋېلىش لاگېرى، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ھەققىدە نۇقتىلىق توختالدى.

«رېيتىر ئاگېنتلىقى»نىڭ توربىدا «ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى: <ئۇيغۇر قانۇن لايىھەسى> شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا بولغان قوللاشتۇر» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

**3 – ئىيۇن:**

«**supchina**» تورىدا «ئۇيغۇرلار بەك ئەسكى: خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تاماق ئۈستىلى سىياسىتى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە ماقالىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىدە تاماققا داخىل بولغان بىر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرىدىكى قىسمەتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقى ۋە ئەھۋالنىڭ ئاجايىپ ئېغىر دەرىجىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىندى.

«**reaction**» تورىدا ساجاھ مەھمۇدنىڭ «خوڭكوڭ ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەسى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

**4 – ئىيۇن:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «دائىرىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى قەبرىستانىنى ۋەيران قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى.

«**nikkei**» تورىدا «تاجىسمان ۋىرۇس شىركەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ (مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق) ئېكسپىلاتاسىيە قىلىنىشىنى كۆرمەسكە سېلىشىغا باھانە بولالمايدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق كارخانىلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئەيىبلەندى.

**5 – ئىيۇن:**

«ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى» تورىدا «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردىن ھالقىپ، يەرشارى مىقياسىدا ئۇيغۇرلارغا تەھدىت سالماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش – زۇلۇم سىياسىتىنىڭ چەتئەللەردىمۇ داۋاملىق ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى.

«**polygraph**» تورىدا «خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ رەزىللىكلىرىگە قارىماستىن، <بارچە ھاياتلىق قەدىرلىكتۇر> دەپ جار سالدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى لاگېرغا سولاپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى پاخال ئورنىدا كۆرۈۋاتقان خىتاينىڭ ئامېرىكادا ساقچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قارا تەنلىك جورجى فلويد ۋەقەسى سەۋەبلىك، ئۆزىنى «ئالىيجاناب» كۆرسىتىپ ئامېرىكانى ئەيىبلىگەنلىكى تەنقىدلەندى.

**6 – ئىيۇن:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كۈلتۈر جېڭىنىڭ ئىپادىسىدۇر» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى.

**8 – ئىيۇن:**

«**DW**» تورىدا «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى يالغاندىن سوتلاپ جىنايەت ئارتماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنغان. سابىق لاگېر مەھبۇسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى لاگېردىكىلەرنى ھەرخىل قىيىن – قىستاق ئارقىلىق خىتايلار ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئاتالمىش «جىنايەت»لەرنى بويىنغا ئېلىشقا مەجبۇرلىغان.

**9 – ئىيۇن**

«ئەلجەزىرە» تورىدا «ترامپ شەرقىي تۈركىستاندا زۇلۇم قىلغان خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزىدىغان قانۇن لايىھەسىگە ئىمزا قويۇش ئالدىدا» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى.

«ئەركىن ئاسىيا» تورىنىڭ ئېنگلىزچە قانىلىدا «داڭلىق ئۇيغۇر ژۇرنالىستىنىڭ تۇتقۇندا ئىكەنلىكى ئۈچ

يىلدىن كېيىن جەزملەشتۈرۈلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىنىپ، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ژۇرنالىست قۇربان مامۇتنىڭمۇ تۈتقۇندا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللەنگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**10 – ئىيۇن:**
تۈركىيەدىكى «ئانادولۇ ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىدە «ئامېرىكا ئەلچىسى: خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بەرگەنلىكىگە دائىر پاكىت يوق» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئامېرىكانىڭ خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك ئەلچىسى سام برووۋنبەك «قولىمىزدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لاگېر – تۈرمىلەردىن قويۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار ھېچقانداق دەلىل يوق» دېگەن.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي 2019 – يىلى <ئاشقۇن دىنىي قىلمىشلار> سەۋەبلىك تېخىمۇ كۆپ كىشىنى قولغا ئالغان» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى.

**11 – ئىيۇن:**
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا كۆلتۈرىگە قارىتا ھۇجۇم باشلىغان بولۇپ، مەزكۇر ھەرىكەتكە كۆرە، ھويلىسىنى خىتاي كومپارتىيەسى تەلەپ قىلغان شەكىلدە بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈشكە ئۇنىمىغان ئائىلىلەر تۈتۈپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا سولىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىكەن.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى»نىڭ تورىدىكى خەۋەرگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو مەخسۇس شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن قىلغان دوكلاتىدا، «خىتاينىڭ بارلىق دىنلارغا قاراتقان زۇلمى داۋاملىق كۈچەيمەكتە» دېگەن.

**12 – ئىيۇن:**
«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دائىرىلىرى قەشقەردىكى 1956 – يىلى قۇرۇلغان «قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»دە «پەقەت خىتايچىلا دەرس ئۆتۈلىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى تۈپتىن يوق قىلىش ئۇرۇنۇشىنىڭ داۋاملىق ئەسەبىيلىشىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسىدۇر.

«زىمىستان» تورىدا «ئۇيغۇر ئاياللىرى زۇلۇمغا ئۇچرىماقتا: ئاياللار ھوقۇقى پائالىيەتچىلىرى ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنامدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى – سىرتىدا مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە باشقا تۈرلۈك – تۈمەن خىل زۇلۇم – سىتەملەرگە ئۇچراۋاتقانلىقى، دۇنيا مىقياسىدىكى ئاياللىق ھوقۇقى پائالىيەتچىلىرىنىڭ بۇنىڭغا قاراپ تۇرماسلىقى كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

**13 – ئىيۇن:**
«indiablooms» تورىدا «ئامېرىكانىڭ دوكلاتىدا <خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىك شارائىتى داۋاملىق ناچارلاشماقتا> دېيىلدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**15 – ئىيۇن:**
«irishexaminer» تورىدا «مۇھەررىرگە خەت: نېمىشقا ئۇيغۇرلار ئۇچۇن نامايىشلار قىلىنمايدۇ؟» ماۋزۇلۇق قىسقا يازما ئېلان قىلىندى. مەزكۇر يازمىدا، «جورجى فىلويدنىڭ ئۆلۈمىدىن پۈتۈن ئامېرىكا دەۋرەپ كەتكەن مۇشۇ ئەھۋالدا، ئامېرىكالىقلارنىڭ نېمە ئۇچۇن شەرقىي تۈركىستاندا بىگۇناھ ھالدا تۈرمىگە قامالغان مىليونلىغان ئۇيغۇر ئۇچۇن نامايىش قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك، ئەجەبا قارا تەنلىكلەرنىڭ

ھاياتىلا قىممەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭكى ئەرزىمەسمۇ؟» دېگەن نۇقتىلار تەكىتلەندى ۋە جوسېف ستالىننىڭ «بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى پاجىئە، مىليون ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بولسا ستاتىستىكىدۇر» دېگەن سۆزىدىكىدەك ئىش قىلماسلىق كېرەكلىكى ئەسكەرتىلدى.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى»نىڭ توردا «مەجبۇرىي ئەمگەك: ۋىرۇستىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئاستىلىغان مەزگىلدە، كىيىم – كېچەك شىركەتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئىگە» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**16** – ئىيۇن:

«دىپلومات» توردا «تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ نامايىشلىرىنى باشلاپ بولغانىدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە **1989** – يىلىدىكى تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن ئىلگىرىلا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، ئادالەت قاتارلىقلار ئۈچۈن كۆپ قېتىم نامايىش قىلغانلىقى تىلغا ئېلىندى.

**fairobserver**» توردا «شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئالدىدا ماڭماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى. مەزكۇر خەۋەردە دېيىلىشىچە، شىۋېتسىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسى شەرقىي تۈركىستاندىن چەتئەلگە چىققان بارلىق ئۇيغۇرلارنى «كوللېكتىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى توپ»نىڭ ئەزالىرى دەپ قاراپ، ئۇيغۇرلار سىياسىي پاناھلىق تىلىگەندە ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلمايدىغان بولغان.

«ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى» توردا «ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلمىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، باشقا دۆلەتلەرمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**17** – ئىيۇن:

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورى «ترامپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىگە قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزىدىغان قانۇن لايىھەسىگە ئىمزا قويدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى.

**CNN**» توردا «جون بولتون <ترامپ شى جىنپىڭنىڭ  لاگېر قۇرۇش ئىشىنى توغرا كۆرگەن> دېگەن گەپنى قىلغان كۈنى، ترامپمۇ <ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى سىياسىتى قانۇن لايىھەسى>گە ئىمزا قويدى» ماۋزلۇق خەۋەر بېرىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىكى باش مەسلىھەتچىسى جون بولتون ترامپنىڭ شى جىنپىڭغا « لاگېرلارنى قۇرۇش توغرا ئىش بوپتۇ » دېگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. ترامپمۇ «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»گە ئىمزا قويغانلىقى ھەققىدىكى يازما باياناتىدا «گەرچە مەزكۇر قانۇن لايىھەسىدىكى بەزى مەزمۇنلارغا قوشۇلمىساممۇ...» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەنىدى.

**18** – ئىيۇن:

ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ئۆزىنىڭ تور بېتىدە ھۆكۈمەتنى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى دەرھال ئىجرا قىلىشقا ئۈندىدى.

**nbcnews**» توردا «ترامپ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى سىياسىتى قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، بېيجىڭ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى پرېزىدېنت ترامپنىڭ **17** - ئىيۇن «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»غا رەسمىي ئىمزا قويۇشىغا قارشى يازما بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكاغا پوپوزا قىلغان ۋە بۇنىڭغا «قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىدىغانلىقى ۋە ئامېرىكانىڭ بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق ئاقىۋەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن.

**19 – ئىيۇن:**

**تۇركىيەدىكى «ئانادولۇ ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ ئېنگلىزچە سەھىپىسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تۇركىيەدىكى «گالاتا ساراي» پۇتبول كۇلۇبىنىڭ ئالجىرىيەلىك توپچىسى سۇفيان فەيغۇۋلى (سفيان فيغولي) ئامېرىكادا جورجى فىلويىدنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك «قارا تەنلىكلەرنىڭ ھاياتىمۇ قەدىرلىكتۇر» دېگەن نامايىش شوئارلىرىغا ماس ھالدا تىۋىتتېرغا «ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىمۇ قىممەتلىكتۇر» دەپ يازما يوللىدى.**

**«CNN» تورىدا «11 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟» ماۋزۇلۇق ۋىدىيولۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قانداق ئېزىلىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدا ئۇيغۇرلارنى تۈپتىن يوق قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننى ھەقىقىي مەنىدە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئەسەبىيلەشكەنلىكى نىسبەتەن سىستېمىلىق بايان قىلىندى.**

**20 – ئىيۇن:**

**«irishtimes» تورىدا «خىتاينىڭ <كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقى>: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم داۋام قىلماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھەيئەتلىرىدىن ۋاڭ ياڭنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندا، مەزكۇر رايوندىكى مىسلىسىز زۇلۇم سىياسەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋەزىيەتنى «زور ئۇتۇق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياسىتىدە يۇمشاش ئالامەتلىرى يوقلۇقى، ئۇلارنىڭ ئاداققى مەقسىتىنىڭ ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەتنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.**

**21 – ئىيۇن:**

**«زىمىستان» تورىدا «يەتكۈزۈلمىگەن تۇغۇلغان كۈن تىلەكلىرى: خىتاي كومپارتىيىسى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى قانداق ۋەيران قىلدى؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان مەمەتئېلى ۋە ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان ئاچىسى خەيرىگۈلنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى پاجىئەسى پاش قىلىنغان.**

ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەييارلىدى



گېنېرال مەتىمىن ئىمىنوف
(1915-1970)

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلار ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئادالەت بەرپا قىلغان، ئادالەتنى قوغدايدىغان مىللەتتۇر.